# خېۋىر تۆمۈر

# ھېكايىلىرىدىن تاللانما



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ



ISBN 7-5371-3779-X
9 787537 137799 >

ISBN 7 – 5371 – 3779 – X
I. 1381 (民文)定价: 8. 00 元



15
1247.7
23

# خىۋەر تۆمۈر

## ھېكايىلەردىن تاللانما

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

## خېۋىر تۆمۈر ھېكايىلىرىدىن تاللانما

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم ، 32 كەسلەم، باسما تاۋقى: 4.75
2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 7—5371—3779—X/I · 1381
سانى: 1—3070
باھاسى: 8.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

**图书在版编目(CIP)数据**

海维尔·铁木尔短篇小说选:维吾尔文/海维尔·铁木尔著—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2000.12

ISBN 7—5371—3779—X

Ⅰ.海… Ⅱ.海… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 78625 号

责任编辑: 尼加提·穆合里斯

责任校对: 阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提·亚森

封面设计: 阿力甫·夏

海维尔·铁木尔短篇小说选

---

新疆青少年出版社出版

(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编:830001)

新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷

850×1168 毫米 32 开 4.75 印张

2000 年 12 月第 1 版 2000 年 12 月第 1 次印刷

印数:1—3070

---

ISBN7—5371—3779—X/I.1381 定价:8.00 元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

124717
23

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

ئالتۇن ئەقىل ........ 1
سۇرەت ........ 13
بىر قاپاق ئالتۇن ........ 24
سالاپەت ........ 48
جاھىل كەمپىر ........ 53
«تۇغقان» ........ 58
خەير خوش «تەشكۇرۇپ»جان ........ 65
ئەخمەقنىڭ مۆجىزىسى ........ 80

## ئوچېركلار

بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى ........ 91
پاجىئەلىك كۈنلەر ........ 103
خېدىسخان ........ 123

# ئالتۇن ئەقىل

تۇرۇبا ئېرىقى قېزىۋاتقان قاسمنىڭ متىنى يۇمشاققىنە بىر نەرسىگە تەگكەندە، يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

مۇنداق بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە كىشى گۇرۇپپا بولۇپ مۇشۇ ئېرىقنى كۆتۈرە ئالغان ۋاقىتتا ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ: «ئىلگىرى مۇشۇ جايلاردا نۇرغۇن سەرراپ دۇكانلىرى① بولغانىكەن. شېڭ شىسەي دېگەن جاللات دۇكان ئىگىلىرىنى تۈرمىگە قاماپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىلىكتىن، ئۇلارنىڭ كۆمۈپ قويغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرى شۇ پېتى قالغان دېيىشىدۇ. قازغاندا دىققەت قىلىش كېرەك. كۆمۈكتىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. كىمنىڭ تەلىيى بولسا شۇنىڭغا ئۇچرايدۇ - دە» دېيىشىپ كۈلۈشكەنىدى. بۇ گەرچە چاقچاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە قانداقتۇر خىيالىي قىزىقىش پەيدا بولغانىدى.

قاسم ئۈندىمەستىن ئالدى - كەينىگە قاراپ ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىپ، چېپىشنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، يۇمشاق نەرسىنى تاتىلاپ چىقاردى. ئۇنىڭ قولىغا كىگىز بىلەن ئورىلىپ مەھكەم باغلانغان قوش مۇشتەك چوڭلۇقتىكى بىر كاللەك چىقتى. بۇنى كۆرگەن قاسمنىڭ يۈرىكى گويا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك گۈپۈلدەشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ھودۇقماستىن ئۆز جايىغىلا ئولتۇرۇپ بۇ نەرسىنى قولى بىلەن ئۇيان - بۇيان دومىلىتىپ كۆردى، خېلىلا ئېغىر ئىدى. قاسم بىر ئورام تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ تۈتۈننى ئۇياق - بۇياققا

① سەرراپ — ئالتۇن سودىسى قىلىدىغان دۇكانلار.

پۈۋلىگەچ ئالدى ـ كەينىنى كۆزىتىپ بولاقنى يەشتى، كىگىز ئىچىدىكى قات ـ قات ماي لاتا ۋە سامان قەغەزلەر ئىچىدىن پارقىراپ تۆت تال زىخچە ئالتۇن چىقتى. قاسىم ئالتۇنلارنى دەرھال يانچۇقىغا سېلىپ ئورنى-دىن تۇردى. يانچۇقىدا ئالتۇن بولغانلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ كوچىدا ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆتۈۋاتقانلار خۇددى ئۇنىڭغا قاراپلا «قاسىم ئالتۇن تېپىۋاپتۇ، ئەنە، ئۇنىڭ يانچۇقىدا تۆت تال زىخچە ئالتۇن بار» دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قانداقتۇر خۇدۈكسىرەش ۋە ئەنسىرەش ئىچىدە قالدى. لېكىن «مۇشۇ كىگىز پارچىلىرىنى كۆزدىن يوقاتسام مەندىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇغۇ» دېگەن ئويغا كەلگەن قاسىم كىگىز پارچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆمۈپ تاشلىدى. ئاندىن بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ چېپىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ، كاللىسىدا مۇنداق خىيال كېزەتتى: «يانچۇقتىكى ئالتۇنلارنى ئۆزۈمدىن باشقا ھەرقانداق كىشىگە ھەتتا ئايالىمغىمۇ بىلدۈر-مەسلىكىم لازىم. شۇندىلا ئالتۇنلار ئۆزۈمنىڭ بولىدۇ. ئەگەر باشقا كىشىلەر بىلىپ قالسا، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىشى مۇمكىن. ئىش ئۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئالتۇنلارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ ئازغىنا مۇكاپات ئېلىشتىن باشقا ئامال قالمايدۇ. ئۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن چوڭ زىيان ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئۆزۈم تاپتىم، ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يانچۇقتا ئالتۇن بارلىقىنى باشقىلار بىلىپ قالسا ماڭا دۈشمەنلىك قىلىشى، ھەر جاي ـ ھەر ماكاندا بۇلاشقا تەييار تۇرۇشى، ھەتتا يامىنىغا ئالسا مېنى بوغۇزلىۋېتىپ ئالتۇننى ئەكېتىشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سىرنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشۇم كېرەك...» يانچۇقىدىكى زىخچە ئالتۇنلار پۇلاڭلاپ قاسىمنى ئىشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. «ناۋادا ئالدىمدا ياكى كەينىمدە ئىشلەۋاتقان ئاغىنىلىرىم كۆرۈپ، يانچۇقۇمدا پۇلاڭلاۋاتقان نېمە ئۇ؟ دېسە، نېمە دېيىشىم مۇمكىن!»

شۇڭا ئۇ دەرھال ئىشتىن توختاپ، يانچۇقىغا قول سېلىپ، ئالتۇننى دەڭسەپ كۆردى. «كەم ھېسابلىغاندىمۇ قىرىق سەر چىقىدۇ، ناۋادا بىر سەر ئالتۇننى مىڭ يۈەندىن ساتسام، قىرىق مىڭ يۈەن بولمامدۇ؟ ــ



www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلايتتى قاسىم، — ئەگەر بانكىغا سېتىپ بەرسەم يىگىرمە مىڭ يۈەن بولىدۇ. ياق، بۇنىڭدا يېرىم ھەسسە زىيان تارتىپ قالغۇدەكمەن، ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك، ئائىلىۋى قىيىنچىلىقىم ئازمىدى؟... بولدى، يانچۇقۇمدا ئالتۇن تۇرۇۋېلىق، شېغىل ئات دەپ كىم قويىدى! مۇنداق ئىشنى كىم قىلسا قىلىۋالسۇن، پۇلنىمۇ ئېلىۋالسۇن، كەچكىچە ئىشلىسەڭ ئاران بەش يۈەن بولىدىكەن، مۇنداق پۇللار ئۆزۈڭغا چىقسۇن!...»

قاسىم مىتىن، كۆرەكنىمۇ ئالماستىن قايتىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق: «ئەگەر شۇنداق كېتىدىغان بولسام، باشقىلارغا چوقۇم گۇمان چۈشىدۇ، گۇمان تۇغۇلماسلىقى ئۈچۈن مىتىن، كۆرەكنى كۆتۈرۈپ كەتكىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلاپ مىتىن بىلەن كۆرەكنى ئېلىپ ئېرىق ئىچىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرى:

— نېمە بولدۇڭ؟ كەتمەكچى بولدۇڭما؟ — دەپ سورىدى.

— سەل مىجەزىم يوق، ئۆيگە كېتەي دەيمەن، — دېدى قاسىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— ئۇنداقتا دوختۇرغا كۆرۈن!

قاسىم ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر قولى بىلەن يانچۇقىدىكى زىخچىلارنى ئوينىتىپ، خىلمۇخىل ئوي ـ خىياللارغا غەرق بولغان ھالدا يول يۈرگەچكە ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمىگەنىدى.

ئۇنىڭ مەلۇم ئارقا كوچىدا ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ھەم چاققانغىنە ھويلىسى بار بولۇپ، ئايالى، كىچىك ئىككى بالىسى ۋە بىر سېغىن ئۆچكىسى بار ئىدى. ئايالى تۇراخان ئۆچكىنى باققاچ غىزا ـ تاماق ئېتىپ ئۆيدە بولاتتى. قاسىم بولسا مۇشۇ ئۆينىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلاتتى. قاسىمنىڭ بۈگۈن ئىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلگەنلىكىگە ھەيران بولغان تۇراخان:

— نېمە بولدىڭىز، بالدۇر قايتىپ كەپسىزغۇ؟ — دېدى.

— ھېچنېمە بولمىدىم، — دېدى ئۇ تونگلۇق بىلەن.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ يا؟

— ياق...

تۇراخان ئۇنىڭ قوپاللىقىغا رەنجىمىدى. «ئېھتىمال، ئىش ئۈستىدە بىرەر كىشى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئارتۇق كەپ قىلمىدى. شۇ ئارىلىقتا ئەمدى بەش ياشقا ماڭغان بالىسى مۇرات «ئاتا!» دەپ ئەركىلەپ كېلىۋىدى، قاسىم ئۇنىڭغىمۇ قوپاللىق قىلىپ، ئىتتىرىۋەتتى. بالىغا قىلغان قوپاللىقنى خوپ كۆرمىگەن تۇراخان:

— باشقىچىلا ئۆزگىرىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى.

— تولا گەپ قىلماي ئىشىڭنى قىلغىنا!...

قاسىم ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ مىجەزىنى ئاشۇ ھەممىدىن قىممەتلىك ۋە كۈچ - قۇدرەتلىك ئالتۇن ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئايالى تۇراخان، ئوغلى مۇراتجانلارغا ھەرقانداق ۋاقىتتا قىلىپ كۆرمىگەن، مۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەبەدىلئەبەد قىلمايدىغان قوپال مۇئامىلىنى قىلىشقىمۇ ئاشۇ ئالتۇن سەۋەب بولغانىدى، ئالتۇن يەنە ئۇنىڭغا ئەقىل - پاراسەتمۇ بەخش قىلغانىدى. بۇ ئەقىل شۇ تاپتا مىسلىسىز ئۇچقۇر ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە قاناتلىق تۇلپارغا مىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقانداق تەرەپلىرىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچاتتى... ئۆيدىمۇ ئۆزىنى تازا خاتىرجەم سېزەلمىگەن قاسىم كوچىغا چىقىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىمالال پىلان تۈزمەكچى بولدى - دە، تۇراخانغا ئارتۇق گەپ قىلماستىنلا سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئىشىكتىن چىقىپلا ئۆيدىكىلەرگە بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆي ھازىرلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈندى. قاسىمنىڭ كاللىسىدا شۇ ھامانلا «مۇنداق ئۆيدە قانداقمۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئامان - ئېسەن ساقلىغىلى بولسۇن؟ يانچۇقتىكى بۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پۇختا ۋە ياخشى سېلىنغان بىر يورۇق ئۆي سېتىۋېلىش كېرەك» دېگەن ئوي پەيدا بولدى. ئۇ، سېتىلىدىغان ياخشى قورۇنى ئىزدەپ بىرقانچە كوچىنى كەزدى. ئۆزى ياقتۇرۇپ كۆرگەن كوچىلاردا ياخشى ۋە ھەشەمەتلىك ئۆيلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك قورۇ - جايلار ئۇچرىدى. «بۇ جايلارنى ساتامدۇ، يوق؟ ساتسا



www.uyghurkitap.com

قانچە پۇلغا ساتىدۇ؟» قاسىم بۇنى كىشىلەردىن سوراپ بىلمەكچى بولدى. بىراق ئۇنىڭ كاللىسىدىن: «ئۇستۇپىشىم ناچار، بۇ ھالەتتە بېرىپ مۇنداق كاتتا قورۇ ـ جايلارغا خېرىدار بولسام، كىشىلەر كۈلۈشمەسمۇ؟...» دېگەن خىيال كەزدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ئەقلىنى جۇڭگۇرۇپ: «ئالدى بىلەن ئۇستۇاشلىرىمنى راۋۇرۇس يېڭىلاپ، كېلىشكەن بايۋەچچە بولۇشۇم كېرەك، ئاندىن قورۇ ـ جاي ئېلىشقا ھەرىكەت قىلساممۇ ئۈلگۈرىدۇ» دېدى ـ دە، توپتوغرا ماگىزىنغا يۈگۈردى. كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆزدىن كەچۈ-رۈپ، تۈرىنى تاللىدى. بىر ئىشنى ئىككى قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆي جاھازلى-رىغىمۇ دىققەت قىلىپ، يېڭىۋاشتىن تۇتماقچى بولغان ئۆيگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

كىيىم ـ كېچەك، ئۆي جاھازلىرى سېتىۋېلىشقا كېتىدىغان پۇلنى خام چوت قىلىپ كۆرۈۋىدى، ئىككى سەر ئالتۇننىڭ قىممىتىگىمۇ يەتمىدى. ئاندىن ئۇ، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، سائەت دۇكانلىرىغا بېرىپ مال كۆرۈشنى داۋاملاشتۇردى. ۋېنگرىيىنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزورىدىن بىرنى، ياپونىيىنىڭ ئۈنئالغۇسى، كىر يۇيۇش ماشىنىسى، رادىئو، «مېيخۇا» ماركىلىق قول سائىتى ، تام سائىتى... يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئالماقچى بولۇپ ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى، بۇنىڭغىمۇ ھېچقانچە پۇل كەتمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ «ئەمدى ھەممە نەرسە تولۇق بولغاندىكىن، بىر كىچىك ئاپتوموبىلمۇ سېتىۋالاي» دەپ ئويلاپ، كوچا دوقمۇشىدا تۇرۇۋېلىپ، كوچىدا ئۆتۈۋاتقان ھەر خىل ماركىلىق پىكاپلارنى تاللاشقا باشلىدى. ئۇ قايسى خىلنى ئېلىش توغرىسىدا جىق باش قاتۇردى. ھەتتا موتسىكلىت ئېلىشنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. شۇنچە نۇرغۇن نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، پۇلنىڭ يەنىلا پۈچۈلمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ياقىسىنى تۇتقان ھالدا: «خۇدايا تونۋا، پۇل دېگەن جىقلاپ كەتكەندە خەجلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن!...» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

خىياللارنىڭ قىزىقچىلىقىدا كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمىگەن قا-سىم، شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. تۇراخان ئۇنىڭ تۇتۇق چىراي ۋە يامان ئەلپازىغا قاراپ ئارتۇق سۆز قىلماستىن،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇزۇپ تاشلاپ ئەتكەن سۈيۈقئاشتىن بىر چىنە ئەكىلىپ قويدى. ئەمما قاسىم تاماققا قاراپمۇ قويمىدى.

«ئادەتتە ئۆيدە تەييارلىغان ھەرقانداق تاماقنى زور ئىشتىھا بىلەن يەپ كەلگەن قاسىم، بۈگۈن نېمىچۈن قاراپ قويمايدۇ؟...» تۇراخان قاسىمنىڭ بۈگۈن شېرىن خىياللار بىلەن كوچا ئايلىنىپ يېنىدىكى بىرنەچچە كوي پۇلىغا ئاشماندا يەپ تويىنىۋالغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

قاسىمنىڭ تاماقمۇ يېمەي ياكى ئۇچۇق ـ يورۇق گەپ ـ سۆزمۇ قىلماي قانداقتۇر تۇتۇق كۆرۈنگەن ئۇزايىغا قاراپ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن تۇراخان قېيىدىغاندەك قىلىپ، ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۆي قاسىمغا ئۆكچە قالغانىدى. قاسىم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئىشىكنىڭ ئىچىدىن زەنجىرلەپ، دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىكى ئالتۇنلارنى قولىغا ئېلىپ، چىراغقا يېقىن تۇتۇپ كۆرۈشكە باشلىدى. قاسىم ساپسېرىق ئالتۇنلارنى سىلاپ ـ سىيپاپ ۋە دەڭسەپ كۆرۈپ، تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، قولياغلىقىغا يۆگەپ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ، پەردىلەرنى قايرىۋېتىپ، گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك كاڭدا سوزۇلۇپ ياتتى. خىياللار تەكرارلانماقتا، شۇنىڭدەك بۇ خىياللارغا يېڭى ـ يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى.

تۇراخان قايتىپ كىرىپ يولدىشىنىڭ ئۇڭدا يېتىپ قالغانلىقىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئۇنى تۇزەپ ياتقۇزۇپ قويماقچى بولۇپ دەرھال ئورۇن سېلىپ:

ـــ قوپۇڭ، تۈزلىنىپ يېتىڭ! ـــ دېدى.

ـــ مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! ـــ دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

ـــ نېمە بولدىڭىز؟ يېشىنىپ ئوڭشىلىپ يېتىۋېلىڭ! ـــ دېدى ـ دە، ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولۇپ قول سوزدى.

ـــ گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. كارىڭ بولمىسۇن! ـــ قاسىم تۇراخاننىڭ قولىنى قاتتىق سىلكىۋەتتى.

تۇراخان يەنىلا كۆڭلىگە ئالماي، «ئېھتىمال، بىرى بىلەن قاتتىق

رەنجىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئاچچىق دېگەن بىر كېچە ئۇخلاپ قوپسا يوقىلىپ كېتىدىغان نەرسە. ئەتىگەنلىككە ئوخشىلىپ قالار» دەپ كەچۈرۈم قىلىۋېتىپ باللىرىنى تۈزەشتۈرۈپ يېتىپ قالدى.

چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، قاسىم بەھۇزۇر خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. خىيال كېمىسىگە ئولتۇرغان قاسىمنىڭ ئۇيقۇسى كېلەمدىغان! ئۇ، ئويلىغانسېرى قىزىپ كەتتى...

ئاخىرقى بىر مەسىلە، يەنى ئالتۇننى قانداق سېتىش، كىمگە سېتىش مەسىلىسى ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى: «ئالتۇننى كىمگە كۆرسىتىش كېرەك؟ كىملەر ئالتۇن سودىسى قىلىدىغاندۇ؟ چىش دوختۇرخانىلىرىدا ساتقىلى بولارمۇ؟ بۇقەدەر جىق ئالتۇننى سېتىۋالالامدۇ، يوق؟ بۇنىڭغا نەق پۇل سانايدىغان كىم بار...؟» بۇ بىر قاتار خىياللار بىلەن ئازابلىنىپ، تاڭغا يېقىنلا ئۇخلاپ قالدى... بىراق ئۇنى دەھشەتلىك بىر چۈش ئويغىتىۋەتتى: چۈشىدە تۇراخان ئۇنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ئالتۇنلارنى قولىغا ئېلىپ: «نېمىشقا ماڭا كۆرسەتمەيسەن؟ مەن ئەمدى بەرمەيمەن، قوشلاپ ھالقا، ئۈزۈك سوقتۇرىمەن» دەۋاتاتتى. ئالتۇنلار ئاشكارا بولغاندىن تاشقىرى، قولىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە تاقىتى تاق بولغان قاسىم ئاچچىقى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، قارىسا، تۇراخان باللىرى بىلەن بىرلىكتە تىپتىنچ ئۇخلاۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، يانچۇقلىرىنى بىر قۇر سىلاپ كۆرۈپ، خاتىرجەم بولدى، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن مۇتلەق ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يۇيغاندىن كېيىن، تۇراخانغا قاراپ:

— ھالقاڭنى بەرگىنە! — دېدى.

— قايسى ھالقىنى؟

— ئۆتكەن يىل مەن ئېلىپ بەرگەن ياقۇت كۆزلۈك ھالقىنى.

— نېمە قىلاتتىڭىز؟

— نېمە قىلىشىم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن!

— كارىم بولمىسا، ھالقا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— كاجلىق قىلما، ساڭا ئېلىپ بەرگەن ئادەم مەنغۇ. كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى ئېلىپ بېرىمەن.

تۇراخان گەپ قىلماستىن ئاچچىقى بىلەن جىم تۇرۇۋالدى. قاسىم ھېچنېمىگە باقماستىن كېلىپ، ساندۇقنى ئېچىپ ھالقىنى ئالدى — دە، كوچىغا چىقىپ كەتتى.

تونۇگۈن بىر كۈن ئويناپ يانچۇقىدىكى بىرنەچچە كويى پۇلنى خەجلەپ تۈگەتكەن قاسىم كوچىغا چىقىپلا ئەسلىدە ئوتتۇز تۆت كويىغا ئالغان ھالقىنى ئون بەش كويىغا سېتىپ پۇل قىلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھازىر بەش — ئون كويى پۇللار ھېچقانچە كۆرۈنمەيتتى. شۇ كۈنى ئون بەش كويى پۇلنىمۇ خەجلەپ تۈگەتتى. كوچا ئايلىنىپ خىياللارنى تەكرار — تەكرار ئويلىنىش جەريانىدا ئۇنىڭدا «قورۇ — جاي سېتىۋېلىپ، راۋۇرۇس ئۆي تۈزەپ، ئىسمى — جىسمىغا مۇۋاپىق بايۋەچچىگە ئايلانغاندىن كېيىن، تۇراخان قانداق بولىدۇ؟ بايلاشقان تۇرمۇشقا لايىق كېلەمدۇ، يوق؟» دېگەن ئويمۇ پەيدا بولدى. قاسىم ھەرقانچە كەڭ قورساقلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرسىمۇ، تۇراخان چېنىپ قالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا ھەر خىل ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلسىمۇ، تۇراخاننىڭ بىر يېرى ئەپلەشسە، بىر يېرى ئەپلەشمەي كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. ئىككى بالا تۇغقاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ھۆسنى كېتىپ، كۆز ئەتراپلىرىغا قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان، تۇراخاننىڭ پۈتۈنلەي مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ كەلگۈسىدىكى باياشاتلاشقان تۇرمۇشىغا لايىق كېلىدىغان ھەم ياش، ھەم چىرايلىق ئۆي كىشىسى بولۇشى لازىملىقىنى زۆرۈر تاپتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ، كوچا ئايلىنىپ ئايال تاللاشقا كىرىشتى. ياش ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە نەزەر سېلىپ، ئۆز كۆڭلىدە بىرىگە ئۇنداق، بىرىگە مۇنداق دەپ ئەيىب قويۇپ چىقتى. قاسىمنىڭ ئۆزى تاللاۋاتقان قىز — ئاياللارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى، بېشىنىڭ بىكار ئەمەسلىكى بىلەن كارى يوق ئىدى...

يەنە كەچ كىرىپ قالدى. شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئۆيىگە

قايتىپ بارغان قاسىم يەنە ئالدىنقى كۈنگە ئوخشاش قاپقىنى ئاچماستىن تاڭنى ئاتقۇزدى. لېكىن ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىشىك تۈۋىدە باغلاقلىق تۇرغان ئۆچكىنى يېتەكلەپ ماڭدى. تۇراخان بۇ ئەھۋالغا قاراپ چىداپ تۇرالماستىن:

— نەگە ئاپىرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ساتىمەن، — دېدى قاسىم كەسكىن ئاھاڭدا.

— ئۇنى ساتقۇچە، مېنى سات! — دېدى تۇراخان ۋە ئاچچىقىغا پايلىماي بېرىپ ئۆچكىنىڭ بوينىدىكى ئارغامچىنى تۇتتى.

— سەن مېنى چۈشەن! — دېدى قاسىم تولۇق سەۋرچانلىق بىلەن بىر مەسلىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغانــدەك تــەرزدە، — سەن مېنىڭ گېپىمگە چۈشەن ۋە ئىشەن. كېيىن مەن سېنى رازى قىلىمەن، بىلدىڭمۇ؟

— ياق، مەن چۈشەنمەيمەن، ئۆچكىنىمۇ ساتتۇرمايمەن!

— ئەستاغپۇرۇللا، ما خوتۇننىڭ قاراپ تۇرۇپ چۈشەنمەيۋاتقىنىنى، كېيىن پۇشمان قىلىسەن! — دېدى قاسىم تولۇق ئىشەنچ بىلەن، — ئۆچكىنى قويۇۋەت!

— ياق، تۈنۈگۈن ھالقامنى سېتىپ، بۈگۈن ئۆچكىنى ساتماقچىمۇ؟ مەن ئەمدى يول قويمايمەن!

— قويۇۋەت دەيمەن، ھېلى بىكار يامان گەپ قىلىۋېتىمەن!

— ئىككى بالاڭنى دېمىسەڭ، قىل!

تۇراخاننىڭ پەيلىگە قارىغان قاسىم، ئۆزىگە ھاي بېرىپ، يوق ساقلىنى ئۇتاملاپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

يانچۇقى قۇرۇق قاسىمغا ئەمدى بىرئاز ئالتۇن ساتماقتىن باشقا يول قالمىغاندى.

ئامال قىلىپ ئالتۇندىن بىرنەچچە سەر سېتىۋالسا، ئۇنىڭ پۇلىغا ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىرقۇر تۈزەپ، ئاندىن باشقىلارغا تۇيدۇرماستىن، شاڭخەي، خاڭجۇ، گۇاڭجولارغىچــە بېرىپ تاماشا قىلماقچى، ئەپلىشىپ قالسا، كۆپ پايدا بېرىدىغان مال ئالغاچ كەلمەكچى بولدى. بۇ ماللاردىن

www.uyghurkitap.com

قونغان پايدىنى خەجلەپ تۈگەتكىلى بولامدىغان!... قاسىم زەرگەر دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇ، ئىشىكنى ئېچىپ زەرگەر دۇكىنىغا سالام بېرىپ كىرگەندە، ئالدىراش ھۈنەر قىلىۋاتقان ئۇستا بېشىنى كۆتۈرۈپ خېرىدارغا بىر قاراپ قويۇپلا، يەنە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن ھەپىلەشتى، بۇ قىلىقىدىن خاپا بولغان قاسىم ئەسكى چاپان ئىچىدە ئادەم بارلىقىنى تونۇتۇپ قويماقچى بولۇپ، چوڭ يۈرەكلىك بىلەن:

— ئۇستام، ھازىر ئالتۇننىڭ باھاسى قانچە بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

زەرگەر خۇشياقماسلىق بىلەن بېشىنى قايتا كۆتۈرۈپ، قاسىمغا تىكىلىپ سوغۇق قارىۋالغاندىن كېيىن:

— نېمىسىنى سورايسىز؟ ئالتۇن ئالماقچىمۇ ياكى ساتماقچىمۇ؟ — دەپ سوئال قويدى.

— نېمىكى بولسا، باھاسىنى سوراۋاتىمەن! — دېدى قاسىم تەمكىن ئاھاڭدا.

— ئەگەر ئالارمەن بولسىڭىز، ئالتۇننىڭ مىسقىلى توقسان كوي، ساتارمەن بولسىڭىز ئالتۇنغا قاراپ باھا قويىمىز، قانداق، سىزگە ئالتۇن لازىممىتى!؟ — دېگەن ئۇستا سۆزىنى تۈگىتىپلا دەستىگاھقا ئېڭىشتى.

— ئازراق ئالتۇن بارتى، شۇنى ساتاي دېۋىدىم.

زەرگەر دەستىگاھتىن بېشىنى قايتا كۆتۈرگەندە، قاسىم بىر زىخچە ئالتۇننى زەرگەرگە ئۇزاتقانىدى. زەرگەر بۇنى كۆرۈپ ئالاق - جالاق بولغان ھالدا قاسىمنىڭ كۆزىگە قادىلىپ بىرھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئالتۇننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ تارازىغا سالدى ۋە:

— ئون ئىككى سەر چىقتى، — دېدى.

قاسىم تارازىدا پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— سىزدە ئالتۇن جىققەن - دە!؟ — دېدى ئۇستام.

— دادام رەھمىتى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا تىقىپ قويغانىكەن!

— دادىڭىز «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكىدەك، بالامنىڭ بېشىغا

كۆن چۈشكەندە سېتىپ خەجلىسۇن، دەپتىكەن ـ دە، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ساتماقچىمۇ سىز؟

— ئازراق قىسمىنى ساتسامىكىن.

— شۇنداق قىلىڭ، بۇنچىۋالا جىق نەرسىگە بىر يولىلا پۇل سانايدىغان كىم بار دەيسىز؟

زەرگەر سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ كىچىك بىر ساندۇقچىنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن سىنايدىغان قارا تاشنى چىقىرىپ سۈركەپ كۆرۈشكە باشلىدى. بىرىنچى قېتىم... ئىككىنچى قېتىم... سۈركەپ كۆرۈپ دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئۈچىنچى قېتىم سۈركەپ كۆرۈپ بىرئاز چۆچۈگەن زەرگەر قاسىمنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ:

— بۇ نەرسىڭىزنى ئاخىرى مىس دۇكىنىغا ئاپىرىپ سېتىشقا توغرا كېلەمدۇ، قانداق؟ — دېدى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ تۈزۈكرەك قاراپ كۆرۈڭا! — دېدى قاسىم شۈبھىلەنگەن ھالدا چەكچىيىپ قاراپ قالغاندى.

— ئىشەنمىسىڭىز، ھەربىرىنى كۆرستەيمۇ؟ سىرتىغا ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتكەن قىزىل مىسكەن!

— ئۇستام، ماۋۇچۇ؟

قاسىم ئارقىمۇئارقا ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى زىخچىلارنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. زەرگەر ئۇستامۇ ئۇلارنىمۇ بىر ـ بىرلەپ سىناپ كۆرۈپ، ھەممىسىنىڭ قىزىل مىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ چاغدا، خۇددى چۈشىدە قارا باسقان ئادەمدەك قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىنى قارا تەر باسقاندى. ئۇنىڭ ئۈچ كۈنلۈك شېرىن ئۈمىدلەر بىلەن تولغان خىيالى خۇددى «ئالتۇنبېلىق» ھېكايىسىدىكى موماينىڭ پادىشاھلىق ئوردىسىدەك تېز ۋەيران بولغاندى.

— دادىڭىز سەرراپمىتتى؟

— ياق، مەن بۇنى شەھەر ئىچىدە تۇرۇۋبا ئېرىقنى قېزىۋېتىپ تېپىۋالغانىتىم، — دېدى قاسىم پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ.

— كونا جەمئىيەتتە جا ئالتۇن ياساپ خەقنى ئەخمەق تاپىدىغان

نائىنساپ سەرراپلار كۆپ ئىدى، شۇلاردىن قىپقالغان نەرسە بۈگۈن سىزنىمۇ ئەخمەق قىپتۇ ـ دە!

قاسىم ئىختىيارسىز سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، زەرگەر ئۇستا تۆت زىنچە مىسنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ، ئىنتايىن روھسىز ۋە سولغۇن ھالدا دۇكاندىن چىققاندا، ئالدىنقى كۈنلەردە ئۆزى چاپقان تۇرۇبا ئېرىقى بىلەن ئۆزى يۇمشىتىپ قويغان شېغىل توپىلار كۆز ئالدىغا كەلدى. «شۇ ئىشىم بارمىدۇ؟ ياكى باشقىلار چىپىپ تۆگەتكەنمىدۇ؟» دەپ ھالال ئىشنى سېغىنغاندەك بولدى، چوڭ كوچىغا يېتىپ چىقىش ئارىلىقىدا، ئۇ ئىككى كۈنلۈك پاراكەندىچىلىك ھاياتىنى قىسقىچە، ئەمما چوڭقۇر ئەسلەپ: «ئالتۇنغا ئىگە بولۇپ پاراكەندە بولغاندىن كۆرە، تىنچ ئەمگەك قىلىپ خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش» نىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەنگەنىدى...

www.uyghurkitap.com

# سۇرەت

## 1

ئەختەم سوپى ئۆيگە كىرىپلا قايناپ كەتتى:

— بۇرادەر ماﯘتىئاخۇن، ئۆيىنى سۇرەت بىلەن تولدۇرۇپ ئولتۇ-رۇش بىز مۇسۇلمانلارغا توغرا كېلىدىغان ئىش ئەمەس. سۇرەتكە قاراش، سۇرەتكە چۇشۇشلەرنىڭ قىيامەتتە سورىقى بارمىش! سىزغان رەسىملىرىگە، چۈشكەن سۇرەتلىرىگە جان كىرگۈزۈپ بەر، دەپ خۇدايىم قىيىن — قىستاققا ئالارمىش. پەرىشتە دېگەن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە خۇددى كۆن نۇرىغا ئوخشاش ئۇچۇپ يۈرۈپ، سۇرەت چاپلانمىغان ئۆيلەر بولسا، چۈشكۈن قىلىپ تائەت - ئىبادەت قىلارمىش! مۇشۇ تاپتا، سىلى بىلەن بولغان ئاشنالىقىمنى دېمەيدىغان بولسام، بۇ ئۆيلىرىگە ئاياغ باسمايتتىم. دەرھال تامدىكى سۇرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچاققا سالسىلا! دوزاختا كۆيى-گەندەك كۆيۈپ كۆلگە ئايلانسۇن ئىلاھىم!...

ياشلىقىدا قىلمىغان ئىشى قالمىغان ئەختەم سوپى قېرىغاندا تەرىقەت يولىغا مېڭىپ، شۇڭقەدەر مۇتەئەسسىپ سوپى بولدىكى، «خەلپەم كۆلمەيدۇ، كۆلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دېگەننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئادەم شۇ كۈنلەردە ئولتۇرسا - قوپسا سۇرەت بىلەن ئېيتىشاتتى. بۇنى ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى يۇيۇپ ساۋاب تېپىشنىڭ ئەپلىك چارىسى دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك.

— شۇنداق قىلسىلا، بولمىسا، ئاغىنىدارچىلىقتىن كەچسەم كېچە-مەنكى، ئۆيلىرىگە قايتا ئاياغ باسمايمەن!

ئەختەم سوپى شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى — دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ماموت ئۇستا سۈرەت توغرىسىدا ئىمام — مەزىننىڭ ئاغزىدىنمۇ بىرقانچە قېتىم نەسىھەت ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆيدىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچاققا سالدى. ئەڭ ئاخىردا كىچىككىنە ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان تۆت سۇڭلۇق بىر سۈرەتنى ئوتقا تاشلىماقچى بولۇپ، مەشىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە نېمە ئۈچۈندۇركى يۈرىكى ئېچىشىپ، قولى تىترەپ توختاپ قالدى.

بۇ ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى كامالنىڭ مۇنىڭدىن قىرىق يىللار ئىلگىرى چۈشكەن سۈرىتى ئىدى. ئىنىسى خۇددى ھاياتتەك كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ سۈرەتنى ئۇ قانداقمۇ ئوتقا تاشلىيالىسۇن! ئۆز قېرىندىشى، ئۆز باغرى ئەمەسمۇ! بۇنىڭغا يۈرەك قانداق چىدايدۇ!

كامال بۇ سۈرەتنى 1944 — يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ۋاقتىدا چۈشۈپ، قاغىلىققا خىزمەتكە ماڭغاندا ئاپىسىغا يادىكار قىلىپ قالدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قېتىم خەت كەلدى. بىرىنچى خېتىدە، سالامەت يېتىپ باردىم، گۇمىدا چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. دېيىلگەن؛ ئىككىنچى خەتتە ئۆيلەندىم دەپ خۇش خەۋەر ئېيتقان. شۇنىڭدىن كېيىن خەت كەلمىدى. بىچارە ئانا كامالنىڭ يولىغا قاراپ تۇپتوغرا ئوتتۇز يىل يىغلىدى. يۈرەك ئوتى بېسىلمىغان چاغلاردا، بۇ سۈرەتكە قاراپ، ئوغلىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان جامالىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە ئارام تاپاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئوغلى كامالنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىدىن ھېچقانداق خەۋەر تاپالمىغان ئانا داغۇ ھەسرەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆلۈم ئالدىدا چوڭ ئوغلى ماموتنى ئالدىغا چاقىرىپ كامالنىڭ سۈرىتىنى بېرىپ: «بۇ سۈرەتنى ماڭا ئوخشاش چىڭ ساقلا. ئۇكاڭ بىر كۈن بولمىسا، بىر كۈنى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ كېلىدۇ!» دەپ ۋەسىيەت قالدۇردى.

ماموت ئۇستىنىڭ قولى ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن تىترەپ قالغانىدى. ئۇ خېلى ئويلانغاندىن كېيىن ھازىرغىچە بۇ سۈرەتنى ئەختەم سوپىنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ قالماقچى بولدى — دە، رامكىنى لۆڭگە بىلەن ئوراپ

قوزۇققا ئىلىپ قويىدى.

شۇ يىلى روزا ھېيتتا جامائەت ماھۇت ئۇستىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلگەندە، ئۆيدە سۈرەت دىدارىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئەختەم سوپى خۇشال بولۇپ كەتتى.

— مانا، مانا ئۆيدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى سوپى رازى بولغان قىياپەتتە ماھۇت ئۇستىغا قاراپ. ئاندىن ئىمام تەرەپكە بۇرۇلۇپ دېدى، — مۇنداق نۇرلۇق ئۆيلەرگە پەرىشتىلەر قونۇپ ئۆتىدۇ دەيدۇ، شۇنداقمۇ، ئاخۇنۇم؟

— پەرىشتە مۇنداق ئۆيلەرنى تاپقاندا ماكان تۇتۇپ، كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەت قىلغۇسىدۇر! — دېدى ئىمام.

— يائاللا، ياھەزرەت! — دېدى ئەختەم سوپى ياقىسىنى تۇ-تۇپ، — قانداق، ماھۇتئاخۇن، مەن دېگەندەك بولدىمۇ؟ مانا ئەمدى ھەممە ساۋاب سىلىنىڭ. ئەمدى بىرلا نەرسە كەم، مېنىڭچە، ئۆيگە ياش چوكاندىن بىرنى ئەكېلىۋالىدىغان بولسىلا، ساۋاب تاپقانىنىڭ ئۈستىگە يەنە ياشىرىپ قالىلا! شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ماھۇت ئۇستا ۋىللىدە قىزاردى. چۈنكى ئۇ شۇ يىللاردا بويتاق ياشاۋاتاتتى.

— قانچە ياشقا كىرگەنسىلە؟ — دېدى جامائەت ئىچىدىن بىرى.

— بۇ يىل ئىككى كەم ئاتمىشقا كىردىم، — دېدى ماھۇت ئۇستا تېتىكلىشىپ.

— تېخى ياش ئىكەنسىلە، يەنە بىرنەچچە قىز ئالساڭلىمۇ بولغۇ-دەك! — دېدى ئەختەم سوپى بۇرادىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ.

2

ئەختەم سوپىنىڭ «ماھۇتئاخۇن يەنە بىرنەچچە قىز ئالسىمۇ بولغۇ-دەك!» دېگەن سۆزى خۇددى ئوت ئۈستىگە ياغ سەپكەندەك ماھۇت ئۇستىنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ماھۇت ئۇستا ئەتىدىن -

www.uyghurkitap.com

كەچكىچە بىرنېمىسىنى چۈشۈرۈپ قويغان بازارچىدەك كوچا ئۆلىنىپ ئۆتكەن ـ كەچكەن قىز ـ چوكانلارغا نەزەر سالاتتى. ئۇچرىغان ھەرقانداق ئايالنىڭ بوي ـ تۇرقى، قاش ـ كىرپىكلىرىگە تەلمۈرەتتى. قايسىبىر ئايالنىڭ ياش قۇرامى، ئورۇق ـ سېمىزلىكى، ھۆسنى ـ جامالى كۆڭلىگە باب كەلگەندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ئايالنىڭ نىمە پەرۋايى. مامۇتئاخۇنغا نەزەر سېلىپمۇ قويماستىن چېكىپ دەسسەپ يولىغا كېتەتتى. ئۇستام بولسا، خۇددى گۆرۈچ سالمىغان قازاندىكى سەۋزىدەك كۆيۈپ ـ پىشىپ داغدا قالاتتى، خالاس!

«جەمئىيەتتە لايىقى يوقمۇ ئادەم بولامدۇ؟ ئەرلەرنىڭ ئايال لايىقى، ئاياللارنىڭ ئەر لايىقى ھېسابلاپ قويغاندەك بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل كېلىپ، ئارىسى يۇلتۇز بىلەن يۇلتۇزدەك يىراق بولسىمۇ، ۋاقتى ـ سائىتى يەتكەندە قوشۇلۇشى جەزمەن. ئەجەبا ماڭا كەلگەندە...»

مامۇت ئۇستا گاھى كۈنلىرى دوقمۇشتا خۇددى قاتناش ساقچىسىنىڭ بوتكىسىدەك قېتىپ ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىپ، ھارغىنلىق يەتكەن چاغلاردا شۇنداق ئويلاپ قوياتتى. ئەمما ئۇ، ئۆز يېشىدىن يىگىرمە ھەتتا ئوتتۇز ياش كىچىك بولغان لايىق ئىزدەپ ئاۋارە بولىدىغان خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئېسىگە كەلتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا ئەختەم سوپىنىڭ سۆزلىرى دائىم جاراڭلاپ، ئۇنى بۇ خالتا كوچىدىن چىققىلى قويمايتتى.

بىر كۈنى ئۇ شۇنداق قاتراشتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ تاماق يېگىلى سامسىخانىغا كىردى. سامسىپەز بىر چەينەك چاي بىلەن بەش دانە سامسا ئەكېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ئەمدى سامسا يەي دەپ تۇرۇشىغا ئىككى ئايال كىرىپ، ئۇستام بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ سامسا بۇيرۇتتى.

ئاياللاردىن چوڭراقى ئەللىك ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان، ئىنچىكە بوي، ياداڭغۇ، ئورا كۆز، ئۇچلۇق ئېڭەك بولۇپ، چىرايى يېقىملىق كۆرۈنەتتى. يەنە بىرى ئوتتۇز ياش ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئاق پىشماق، پاقلان ئەت ئىدى. مامۇت ئۇستىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىككىنچى ئايال ئۆزىگە خېلى كېلەتتى.

— سامسا يېگەچ ئولتۇرۇشسىلا! — دېدى ئۇستا تەخسىدىكى سامسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ. ئۇنىڭ تەخسە تۇتقان قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى.

— رەھمەت، بىزگىمۇ كېلىدۇ! — دېدى چوكراق ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كەلگۈچە يەپ ئولتۇرايلى، ئېلىشسىلا! — ئۇستا زورلاپ تۇرۇۋالدى.

ئامالسىز قالغان چوك ياشلىق ئايال سامسىدىن بىرنى ئېلىپ يېنىدا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ياش ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ بىرنى ئېلىپ يېدى.

— سىلىنى ئۇرۇمچىدىن سورايمىزمۇ ياكى بىرياقتىن كېلىشلىرىمۇ؟ — ماموت ئۇستا سۆز ئاچتى.

— ئۆزۈمغۇ ئۇرۇمچىدە، ماۋۇ سىڭلىم كۇچادا ئىدى.

— ھە... بۇ... سىڭىللىرى بولامدۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن كۇچادا تۇرامتى؟

— ھەئە، ھازىر يېنىمغا ئەكېلىۋالدىم.

— ئەجەب ياخشى قىپلا، ئۇ يەردە تۇرمۇشقا چىققان بولغىيدى؟

— يۇرتتا تۇغقانلار بىرىگە ياتلىق قىلىپ قويغانىكەن، ئۇ خەق سىڭلىمنى قىيناپ ھالىنى قويماپتۇ، شۇڭا بۇ قېتىم ئۆزۈم بېرىپ نىكاھتىن ئاجرىتىپ قايتۇرۇپ كەلدىم.

— بەك ياخشى بوپتۇ! — دېدى ئۇستام ئىچ ئاغرىتقاندەك قىياپەتتە، — ئۇ تەرەپلەردە ئاياللارنى ئانچە قەدىرلىمەيدۇ، دەپ ئاڭلايمىز. ئەمما بىزنىڭ ئۇرۇمچىدە باشقىچە... ئەمدى قانداق ئويلاۋاتىلا؟

— ئايال دېگەن تالا كىشىسى، لايىقى ئەپلەشسە ياتلىق قىلارمىز! — دېدى چوك ياشلىق ئايال پىسسىڭىدە كۈلۈپ.

— ياخشى ئويلاپلا، ئۇرۇمچى دېگەن چوك شەھەر، لايىق چىقىپ قالىدۇ! — دېدى ماموت ئۇستا كالپۇكلىرىنى شوراپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى يۇگۈرۈشكە چۈشكەن تەنھەرىكەتچىنىڭ يۈرىكىدەك گۇپۇلدەپ

www.uyghurkitap.com

سوقاتتى.

ماموت ئۇستا كۆڭلىدە ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى، ئەمدىكى گەپ قانداق ئېغىز ئېچىش مەسىلىسىدە تۇراتتى. سۆزنى قانداق باشلاش كېرەك! سامسىخانىدا سۆزلەش بىئەپ. شۇڭا ئۇ، «سۇ كەلگۈچە توغان تۇت» دېگەندەك، مەقسىتىنى چۆرىدىگەن هالدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى: شۇ كۈنلەردە پېنسىيە پۇلى ئېلىپ دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى، بانكىدا ئامانەت قويغان خېلى كۆپ پۇلى بارلىقىنى، ئۆيدە ئايالى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا جەھەتلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ چىقتى.

سامسا يېيىلىپ بولغاندا، ماموت ئۇستا ئىككى چەينەك چاي بىلەن ئون بەش سامسىنىڭ پۇلىنى ئاياللارنىڭ رەھمىتىگىمۇ قارىماستىن بىراقلا تۆلەپ ئۆزىنىڭ مەرد ۋە سېخىيلىقىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى.

سامسىخانىدىن چىققاندا ماموت ئۇستا پەيتىنى قولدىن بەرمەي مەقسەتنى ئېيتتى. چوڭ ياشلىق ئايال ئۇنىڭ تەلپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر خىجالەت بولغاندەك بولۇپ قالدى:

— سىڭلىمنى سىلىدەك ئادەمگە بەرمەي كىمگە بېرەتتىم، — دېدى ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ، — سىلى بەك رەھىمدىل، سېخىي ئادەم كۆرۈنىلا، سىڭلىم بولسىمۇ ئوبدان بالا، لېكىنزە...

— لېكىن دېگەنلىرى نېمىسى؟ — دېدى ئۇستا جىددىيلىشىپ.

— راستىنى ئېيتسام سىڭلىمنىڭ ئەيىبى بار بولمىسا، بۇ ئىشمىز راسا قاملاشاتتى، — ئايال سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئەيىب!؟ بۇ بالىدا قانداق ئەيىب بولسۇن!

— ئىشەنگىلىرى كەلمەيۋاتىدۇ ـ ھە! دۇرۇس، سىڭلىمنىڭ ئۆزلۈكىغا قاراپ ھەرقانداق ئادەم ئىشەنمەيدۇ. ئەمما راست گەپنى قىلسام، سىڭلىمنىڭ تىلى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇتقاق كېسىلى بار!

— خۇدايا تووۋا دېسىلە!

ماموت ئۇستا ئىختىيارسىز هالدا ئون قەدەم نېرىدا يەر بېقىپ تۇرغان ياش چوكانغا قاراپ ئۇنىڭدىن ئەيىب تاپماقچى بولغاندەك قادىلىپ قاردى. ئۇ هازىر بىر قىزىرىپ، بىر سوۋۇپ ئازاب چېكىۋاتقان بىماردەك

قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى، كۆڭلىنىڭ ئاللىقانداق بىر جايلىرىدا سودىدىن رايى قايتقان خېرىداردەك سوۋۇش ئۆلگىيىپ تۇرسا، يەنە بىر جايلىرىدا مەردلىك كۆرسىتمەن دەپ ئورۇنسىز خەجلەپ قويغان پۇلىنىڭ ئاچچىقى نەشتەردەك سانجىلىپ بىئارام قىلاتتى.

— خاپا بولمىسىلا، ئۇستام! سىڭلىمنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق سىلىدەك بىر ياخشى ئادەمگە تېگىپ قويسام، ئۇۋال قىلغان بولمامدىكەن. ھەرگىز كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا! — دېدى ـ دە، ئايال يۈزەكىلا خوش ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

مامۇت ئۇستا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇردى. بۇ ئاياللار ئانچە ئۇزاقلاشمايلا ئۇزئارا نېمىدۇر بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئەللىك مېتىردەك ئۇزىغاندا، ئۇلار نېمە ئۈچۈندۇر تەڭلا ئارقىسىغا قاراپ كۈلۈشتى. يىراقتىن قارىغاندا، ھېلىقى ياش چوكاننىڭ چېچەن ۋە شوخ ئىكەنلىكى، مامۇت ئۇستىدەك قېرىنى يارىتماي كېتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

مامۇت ئۇستا ئورۇمچى كوچىلىرىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بۇ خىلدىكى «مىخ» لارغا تولا ئۇچراپ، خېلىلا ئۇسۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ياش چوكان ئېلىش پىلانىدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى، ئەختەم سوپىنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىدا ھامان جاراڭلاپ تۇراتتى.

3

مامۇت ئۇستا ناشتىدىن كېيىن كوچىغا چىقاي دەپ كالاچ كىيىۋاتقاندا، ئەختەم سوپى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر! خۇدايىم تىلەكلىرىنى ئىجاۋەت قىلدى. مۇرادىمغا يەتكۈزسىلە، سوكنا پەلتو كىيدۈرىمەن دېگەنتىلە، ۋەدىلىرىدە تۇرالا؟

مامۇت ئۇستا سۆزنىڭ ئورانىغا قاراپ بىر ھەيران بولسا، بىر خۇشال بولۇپ نېمە دېيىشنى تاپالماي تۇرۇپ قالدى. بىرئاز دېمىنى راسلاپ:

— نېمە گەپ؟ ئۇچۇقراق دېمەملا! — دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە تەلمۈردى.

— يۈرسلە، ئاۋۋال بىرىپ كۆرسلـە، ئاندىن قالغان گەپنى قىلدى شارمىز، — دېدى ئەختەم سوپى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ مېڭىپ. يول ئۈستىدە ئۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، — ئىرادە دېگەن شۇنداق، ئاخشام نامازشامدىن قايتىپ كېلىۋاتسام كۆزۈمگە بىر چوكان كۆرۈندى، قارىسام، تەمترەپ قالغاندەك ئىككى تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ. يېقىنلاپ بېرىشىمغا ئۆزى گەپ ئاچتى: «بېشىم قېيىپ قالدى، نەگە كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. يېقىنراقتا مېھمانخانا بارمىكىن؟» دېدى. «نەدىن كەلدىڭىز؟» دەپ سورىسام، «قاغىلىقتىن كەلگەنتۇق، بىكەتكە كەلگەندە ئازغىنىپ ئاچامنى يوقىتىپ قويدۇم، ئاچامنىڭ قـۇچىقـىدا بـالىسـى بار ئىدى» دېدى. «مېھمانخانىغۇ بار، تونۇشتۇرۇشىڭىز بولمىسا ياتاق بەرمەيدۇ» دېسەم، ئۇ چوكان سومكىسىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ: «تونۇشتۇرۇشۇم ئاچامدا قاپتۇ» دەپ يەرگە قاراپ تۇرىدۇ. «ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ. ئۆيدە ئايالىم، ئۇششاق باللىرىم بار، قونۇپ ئەتە ئاچىڭىزنى ئىزدەڭ» دەپ ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. ئۆيدىكىلەر ئوبدان مېھمان قىلدى. ئەتىگەن قارىسام، بۇ چوكان كۆزۈمگە راۋۇرۇس كۆرۈندى. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر سۆزلەشكەنىكەن، ماقۇل كەپتۇ. كۆرۈپ باقسىلا، ئەگەر كۆڭۈللىرىگە پىسەنت كەلسە، چوكاننىڭ ئاتىسى مەن. «بازار چاققاننىڭ» قىلىپ غاچچىدە توي قىلىمىدۇق...

مامۇت ئۇستا چوكاننى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئەختەم سوپى ئاتا بولۇپ ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇندا نىكاھ ئوقۇپ توي قىلدى.

ئۇزۇندىن ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئارزۇسى خۇددى چۈش كۆرگەندەكلا ئاسان ھەل بولغان مامۇت ئۇستىنىڭ ئۆيىگە بۈگۈن ئاخشام يېشى ئەمدىلا ئوتتۇزدىن ھالقىغان تومچاققىنە بىر چوكاننىڭ پەيدا بولغانلىقى ئۇنى يېرىلىپ كەتكۈدەك خۇش قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۈگۈن ئاخشامقى خۇشاللىقى مېھمان ئۇزاتقىلى چىققان ۋاقىتتىكى تېتىكلىكى، مۇئامىلىسىنىڭ سىلىقلىقى، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ پىلە قۇرتىدەك يۇمشاقلىقى بىلەن ئىپادى-

لىنىپ تۇراتتى.

توي تارقىدى، ئۆي ئىككىسىگە ئوئچە قالدى. مامۇت ئۇستا هويلا ئىشىكىنى تاقاپ خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۆيگە كىرىپ يىگى كىلىنىنىڭ قايغۇرۇپ مەيۇس ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. لېكىن ئۇنى كۆڭلىگە ئالماي، بىگىياچە بولغاچقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ، ئانچە ــ مۇنچە مۇگدىشىپ، ئۆيەر ــ بۇيەرلىرىنى تۇتقاندىن كېيىن بەلكى هەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ، دەپ ئويلىدى.

ــــ ئېچىلىپراق ئولتۇرۇڭ! ــــ دېدى مامۇت ئۇستا يىگى كېلىنگە ئۇدۇل ئولتۇرۇپ.

كېلىنچەك بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى گەپ قىلماستىن جىم ئولتۇراتتى. مامۇت ئۇستا سۆزىنى تەكرارلاپمۇ جاۋابىنى ئالالمىغاندىن كېيىن يىقىنلاپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولدى. كېلىنچەك خۇددى يىلاندىن چۆچۈگەندەك چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىتتىك بېرىپ قوزۇقتىكى هېلىقى سۈرەتنى ئالدى ــ دە، چىراغقا تۇتۇپ ئىنچىكىلەپ قاراشقا باشلىدى. مامۇت ئۇستا تەئەججۇپلىنىپ قاراپ تۇراتتى. كېلىنچەك بىردىنلا ئۇنىڭغا قايرىلىپ:

ــــ ئېيتسىلا، بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ ــــ دەپ سورىدى. بۇ چاغدا كېلىنچەكنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغاندەك جىددىيلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مامۇت ئۇستا ئانچە پىسەنت قىلماستىن:

ــــ تونۇمىتىڭىز؟ ــــ دەپ قويدى.

ــــ ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويسىلا، بۇ زادى كىم؟

ــــ ئىنىم، هە، نېمە بولدى؟

ــــ قانداق ئىنىلىرى؟

ــــ بىر ئاتا، بىر ئانا ئىنىم!

ــــ ئېتى نېمە؟

ــــ كامال.

ــــ بۇ ئادەم هازىر نەدە؟

ــــ نەدىلىكىنى بىلمەيۋاتقان گەپ! ــــ مامۇت ئۇستىنىڭ چىرايى

www.uyghurkitap.com

بىردىنلا جىددىيلەشتى، — مۇندىن ئۇتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن بۇ ئۇكام مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن جەنۇب تەرەپكە كەتكەنىدى. شۇ كەتكەن پېتى دېرەكسىز يوقلىپ كەتتى. دادام بىلەن ئاپام بۇ ئۇكامنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ سۈرەت شۇ ئىنىمنىڭ يادىكار قىلىپ كەتكەن سۈرىتى. ئاپام ئۆلۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىپ ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن، — بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ كۆڭلى بۇزۇلغان مامۇت ئۇستا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن سورىدى، — سىز بۇ سۈرەتكە نېمانداق قىزىقىپ قالدىڭىز؟

كېلىن جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياش تامچىلىرى ئىككى مەڭزىدىن سىيرىلىپ ئېتەكلىرىگە قۇيۇلاتتى. بۇ ئىشقا تېخىمۇ تەئەججۈپلەنگەن مامۇت ئۇستا تىت - تىت بولۇپ:

— ئېيتىڭا نېمە بولدى؟ تونۇتتىڭىزمۇ! — دەپ سورىدى.

— بۇ مېنىڭ دادام!

— دادام؟...

مامۇت ئۇستىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. كېلىنچەك بولسا يىغا ئارىلاش سۆزلەشكە باشلىدى:

— دادام ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ، گومىدىكى چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىدە خىزمەت قىلغان چاغدا ئاپامغا ئۆيلەنگەنىكەن! — دېدى ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن ئاپامنىڭ قورسىقىدا قېلىپ ئالتە ئايلىق بولغان چاغدا، دادام چېگرا تەرەپكە خىزمەتكە بېرىپ، شۇ كەتكەن پېتى قايتىپ كەلمەپتۇ. مەن تۇغۇلۇپتىمەن، ئاتىسىز چوڭ بولۇپتىمەن! بىچارە ئاپام ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى... بۇ سۈرەتتىن مەندىمۇ بىرى بار، ئاپام بېرىپ كەتكەن!

كېلىنچەك سومكىسىنى ئېچىپ چاققانلىقىنى بوغچۇما ئىچىدىكى كىيىم - كېچەكلەر قېتىدىن توت سۇگلۇق سۈرەتنى چىقاردى.

مامۇت ئۇستا تىترەشكە باشلىدى:

— خۇدايا، پاكپەرۋەردىگارا، توۋا قىلدىم، توۋا...، — دېدى

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ ئاۋازى سۇرلۇك ۋە مەيۇس ئاڭلىناتتى.

ماھۇت ئۇستا مەسچىتكە بېرىپ خۇپتەندىن يانغان ئەختەم سوپى، ئىمام ـ مەزىنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ توۋا ئىستىغپار ئوقۇدى ۋە جامائەتنىڭ ياردەم كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلدى.

جامائەت يىغىلا توي مەرىكىسىگە داخىل بولغان بۇ ئۆيگە قايتا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال نىكاھنى ئاجراتتى. ئاندىن بۇ ھەر ئىككى تەرەپنى توۋا قىلدۇرۇپ ئىمان يىغىلدى. «ئىمان ئۇيىلدۇ» دەپ كېلىنچەكنى ماھۇت ئۇستىنىڭ چوڭ قىزى بىلەن بىللە تۇرىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇزاپ چىققان جامائەت يولدا كېتىۋېتىپ بۇ غەلىتە ئىش ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. ئۇلاردىن ئوچۇق سۆزلۈك بىرى ئىمام بىلەن ئەختەم سوپىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— ئەختەم سوپۇم، ئىمام ئاخۇنۇم! — دېدى ئۇ ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا، — مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، سۇرەتكە چۈشۈپ قويغانمۇ ياخشى ئىشكەن جۇمۇ! ئەگەر مۇشۇ سۇرەت بولمىسا بىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىمىز، ئىنسانچىلىقىمىز، نېمە بولۇپ كېتەتتى ـ ھە!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بىر قاپاق ئالتۇن

## 1

### سالام خەت

«ئەنى جانابىي مۆھتەرەم جانجىگەر مېھرىبان ئانام بۈۋىخەلچىخانغا، جانابىي مۆھتەرەم ئاكام ھېۋىللائاخۇنغا، زۇمۇرخان ئاچامغا، بالا ـ چاقىلىرىغا:
كەمىنە مۇساپىر شەھىردە غېرىبلىق تارتىپ قالغان ئاجىز بالىلىرى مەتتوختىئاخۇندىن سېغىنىپ ـ سېغىنىپ دۇئايىسالام ئاداسىدىن سوڭرە مەلۇم بولسۇنكى، ئولتۇرغان بولساڭلار قوپۇڭلار، قوپقان بولساڭلار مېڭىڭلار، دادام مەتتۇرسۇنئاخۇننىڭ كېسىلى بەك ئېغىر. مۇساپىرلىق شەھەردە مەن يالغۇز كېلىپ قالدىم. ئۇشبۇ خەت تەگكەن ھامان ھايال بولماستىن يولغا چىقىڭلار. ئەسسالامۇئەلەيكۇم.»

بۇ خەتنىڭ قېتىغا كەپتەر پېيى بىلەن بىر تال سامان سېلىنغانىدى. قىسقا ۋە جىددىي يېزىلغان بۇ خەتنى كوچادىن ئاۋۇتئاخۇن ئىسمەلىك سودىگەر ئادەم ئالغاچ كېلىپ باشقا بىر كىشىدىن بۈۋىخەلچىخانغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. بۈۋىخەلچىخان خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ خەتنىڭ كوچادىن كەلگەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەن بولسىمۇ، نىمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى. لېكىن خەتنىڭ قېتىغا سېلىنغان پەي بىلەن سامان پارچە-

سنى كۆرۈپ ھودۇققان ھالدا يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپ مۇئەللىمىگە بېرىپ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغلىغان پېتى ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە كېلىنى زۇمۇرخانغا خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ پاراكەندە بولۇشقا باشلىدى. چوڭ ئوغلى ھېۋىللائاخۇن شۇ كۈنلەردە ئۆيدە يوق، بىر ئىش بىلەن قاراقاشقا كەتكەنىدى. بۈۋىخەلچىخان بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن جىددىي يول تەييارلىقى قىلىشقا باشلىدى. ئۆگۈت ئېتىپ تۈگمەنگە ئۆزى ئاپىرىپ يۇمشىتىپ يوللۇق نان ـ توقاچ ياقتى. تالقان قورۇدى، تۇز، پىياز، چاي ۋە چاي دورىسى، زىرە ـ بېدىيان، قاق، جىگدە، چىلان قاتارلىق ھەممە نەرسىنى تۈگۈنچەكلەپ تەييارلىدى. بىر قاپاق ياغنىمۇ قاچىلاپ تەييار قىلغانىدى.

بەختىگە يارىشا ھېۋىللائاخۇن قاراقاشتىن قايتىپ كەلدى. بۈۋىخەلـ ـچىخان گەرچە ھېۋىللائاخۇنغا ئۆگەي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆرۈپلا بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ:

ـــ دادىلىرى قاتتىق ئاغرىپ ياستۇق تارتىپ يېتىپ قاپتۇ، قانداق قىلىمىز، مۇساپىر شەھەردە... بارمىساق بولامدۇ!...، ـــ دەپ نالە قىلدى.

ئۆگەي ئانىنىڭ نالىسىدىن تەسىرلەنگەن ھېۋىللائاخۇننىڭ كۆزىگىمۇ ئاچچىق ياش كەلدى. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىسى، بىمار ھايات ۋاقتىدا كۇچاغا بېرىپ دىدار كۆرۈشۈش ئارزۇسىغا كېلىشتى. لېكىن كىم بېرىش، كىم بارماسلىق مەسىلىسى تېخى ئېنىقلانمىغانىدى. بۈۋىخەلچىخان مەن بارىمەن دېسە، ھېۋىللائاخۇن مەن باراي دەيتتى. بۇلار نۇرغۇن دە تالاش قىلىسىمۇ، يولنى بىر ـ بىرىگە ئۆتۈنۈپ بەرگۈسى كەلمەيتتى. بېرىش يولنى تالاشقانغا قارىغاندا، ھەر ئىككىسىنىڭ بىمارغا نىسبەتەن كۆيۈمچانـ ـلىقى تولۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ھېۋىللائاخۇن ئەركەك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ كېچىسى بىر خۇرـ جۇنغا بىر چارەك ئۇن، قاچىلانغان تۇز، سەرەڭگە ئېلىپلا يولغا چىقىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا ھېۋىللائاخۇننىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى بىلگەن بۈۋىخەـ

لىچىخان پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ، يەنە بىرمۇنچە كۆز يېشى قىلىپ ئاخىر بىر تۇغقان سىڭلىسىنىڭ ئوغلى مەتقاسىمنى چاقىرىپ كېلىپ ئىشەككە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىپ، بىر ئىشەككە ئۆزى مىنىپ، مەتقاسىمغا ھەيدىتىپ، ھېۋىللائاخۇندىن بىر كۈن كېيىن تاڭ سەھەردە يولغا چىقتى. مەتتۇرسۇنئاخۇن زادى قانداق ئادەم، قانداق خىسلەتكە ئىگە، بۇ ھەقتە تۆۋەندە قىسقىچە توختاپ ئۆتىمىز.

## 2

خوتەن ئىلچى كونىشەھەردىكى ×× مەدرىسەنىڭ ئالدىدىكى چاسا مەيداندا بولىدىغان ئاشلىق بازىرى ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئاۋات بولاتتى. قۇمساز سېرىق توپىلىق بۇ مەيدان يۈزلىگەن ئاشلىق ساتقۇچى دېھقانلار ۋە ھايانكەش ـ بېسىمدار ئاشلىق سودىگەرلىرى بىلەن لىق تولاتتى. ھەربىر دېھقان تۆت — بەش تاغاردىن ئاشلىقنى تىكلەپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى قايرىپ ئېچىپ خېرىدارلارنى تەكلىپ قىلاتتى. خېرىدارلار بولسا، دېھقان-لارنىڭ ئالتۇندەك بۇغدايلىرىنى، سۈتتەك ئاق گۈرۈچلىرىنى، مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان كۆممىقوناقلىرىنى كۆرەتتى. قوللىرىغا ئېلىپ، ھۆل ـ قۇرۇقلۇقىنى چايناپ تەكشۈرۈپ، يارىسا ئاندىن باھالىشىپ سودا قىلىشات-تى. ئادەم تولا، ۋاز ـ ۋازچىلىق، چۈشكە يېقىن بازار راسا قىزىۋاتقان پەيتتە، بىر بۇلۇڭدا جېدەل چىقتى. قانداقتۇر ئىككى ئادەم ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىپ تىللىشىپ پوخادىن چىقمىغاندا، قاس ـ قۇس قىلىپ ئىككى-دىن ـ تۆتىنى ئېتىشىۋالغاندى. بازارچى خەلق جېدەل چىققان يەرگە تولىمۇ ئامراق بولغانلىقتىن، بۇ يەرگە دەررىدە بىر توپ خەلق ئولاشقان-دى. ئورۇشقۇچىلاردىن بىرى پاكار، ۋىجىك ھەم ياشانغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىلغان چېكىسىدىن چىققان قىپقىزىل قان ئېقىپ ئۆسكىلەك قېشىغا تۇتىشاي دەپ قالغاندى. بۇ ئادەم تېخى ئاچچىقىدىن ياناماي قارشى تەرەپنىڭ بەلۋېغىنى تۇتقان پېتى سىلكىپ تارتىپ ئاچچىقى بىلەن: «يەنە بىرنى ئۇرۇڭا، گاداي!» دەپ رەقىبىنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغاندى. ئولاشقان-

لار تەرەپ ـ تەرەپتىن قول سېلىپ بۇ ئىككىسىنى ئايرىپ تاشلاشتى، بەزەنلەر قېرى ئادەمنىڭ چېكىسىدىن ئاققان قانغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ ئۇرغۇچىغا لەنەت ـ نەپرەت ئوقۇپ:

— ياش تۇرۇپ داداڭدەك قېرى ئادەمگە مۇشت ئاتتىڭمۇ؟ — دېيىشىپ ئەيىبلەشتى.

قېرى ئادەم بولسا پېشانىسىدە ئۇيۇپ قالغان قاننى تازىلىماستىن يەنە ئاچچىقى بىلەن ھومىيىپ:

— بۇ گاداي، ئالمايدىغان نېمىسكە، نېمىشقا مېنى خاپا قىلىدۇ؟! — دەيتتى.

كىشىلەر بۇ جېدەلنىڭ تېگى ـ تەكتىنى قېزىپ شۇنى چۈشەندىكى: ئەسلىدە قېرىنىڭ ئاشلىقىنى ئالماقچى بولغان خېرىدار باھالىشىۋېتىپ، بۇ بۇغداينىڭ ھۆل ـ قۇرۇقلۇقىنى تەكشۈرۈپ سەككىز — ئون تال بۇغداينى كاپ ئېتىپ چايناپ كۆرۈپ بۇغداينى ھۆل ئىكەن دەپ، باھادا قاملاشالمىغان بولۇپ كەتمەكچى بولىدۇ. قېرى بۇ ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ: «ئالمايدىغان نېمەڭگە نېمىدەپ بېزەپ قىلىسەن!» دەپ ئاغزىنى بۇزىدۇ. خېرىدارمۇ ئاغزىنى بۇزىدۇ. ئاندىن بۇ ئادەم خېرىدارنىڭ بەلۋېغىدىن تۇتۇپ سىلكىپ ـ چايقاپ بىھۇدە تىللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆرەللەپ مۇشت ئېتىشىدۇ. ئاما ۋەقەنىڭ تەكتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، خېرىدار بولغان ئادەم ئىككى ـ تۆت تال بۇغداينى چايناپ كۆرسە نېمە بولماقچى، ئەسلىدە بۇ قېرى ئوساللىق قىپتۇ، چېكىسگە تەگكەن مۇشت ئورۇنسىز ئەمەس ئىكەن دېيىشىپ، قېرىغا ئىچ ئاغرىتىشتىن توختاپ، مەسخىرە قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈشۈپ: «بولدى قىلىڭلار، بولدى قىلىڭلار! سەت بولىدۇ» دېيىشىپ تارقىلىپ كېتىشتى.

مەتتۇرسۇنئاخۇن ئىسمىلىك بۇ قېرى بەلۋېغىنى يېشىپ، چېكىسىدىكى قاننى چالا ـ بۇلا سۈرتكەندىن كېيىن بەلۋېغىنى باغلىۋالماقچى بولۇپ تۈكى چۈشۈپ كەتكەن تاقىر جۇۋىسىنىڭ ئىككى پېشىنى كىرىشتۇرگىچە ئۇنىڭ ئاچ قالغان سالپىلاردەك ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قورساقلىرى مانا مەندەپ كۆرۈنۈپ قالدى. بۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن بەزەن ئادەملەر كۈلدـ

ده: «بۇ قېرى ئۆزىنى مۇنداق قىيناپ يۈرگىچە، قورسىقىغا ئوبدان يەپ ياتسىچۇ!» دېگەننى كەچۈرۈشتى. لېكىن كىشىلەر قانداق تويلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز بولغان مەتتۇرسۇنئاخۇن پەرۋا قىلماستىن تاغارنىڭ يېنىغا بېرىپ دۈگدىيىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ياغاق جۇۋىسى بىلەن تاقىر تەلپەك سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىدىن ئاللىقاچان ئايرىلغان، پۇتىدىكى قېرىم ئۆتۈكمۇ يەتتە — سەككىز يىللىق كونا بولغاچقا، قونچىلىرى يۈرمە خالتا بولۇپ، چەملىرى نېپىزلەپ ھېچقانچە ئىسسىقى قالمىغانىدى.

مەتتۇرسۇنئاخۇننىڭ دۈگدىيىپ ئولتۇرۇشى، كىيىم — كېچەكلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئاجايىپ بىچارە كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ سىياقىدىن تۆت — بەش تاغار ئاشلىقنىڭ ئىگىسى دېسە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما بۇ ئادەم بۈگۈنكى تۆت — بەش تاغار ئاشلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىر قېتىممۇ بازاردىن قالماي قانچە يۈز تاغار ئاشلىق سېتىپ كەلگەن پىشقان سودىگەر ئىدى. بۇ ئادەم ئادەتتە ئۆز ئاشلىقىنىڭ باھاسىنى باشقىلاردىن بەش تىيىن بولسىمۇ يۇقىرى ئېيتاتتى. خېرىدارلارغا ئاشلىقىم پاكىز ھەم قۇرۇق دەپ زېرىكمەستىن تونۇشتۇراتتى. باھادا چىڭدىشىپ ئۆز چىنىگە كەلمىسە ھەرگىز ساتمايتتى. بۇ بازاردا ساتالماي قالغان ئاشلىقنى ئېغىر كۆرمەستىن ئىشەككە ئارتىپ ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتەتتى. ئۆمۈر بويى بازاردا ئاشلىق سېتىپ ئۆگەنگەن مەتتۇرسۇنئاخۇنغا بۇنچىلىك ئىشلار ھېچقانچە ئېغىر بىلىنمەيتتى.

ئۆي ئىچى ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن تەرتىپلىك بولاتتى. تەڭلىگە ئېلىنغان ئۇننىڭ مىقدارى، يېقىلغان ناننىڭ ھېسابى ئېنىق بولاتتى. ئۆيدىن ئاجراپ بىرەر — ئىككى كۈن بىر تەرەپكە كەتسە، تاغاردىكى ئۇننى غېرىچلاپ قويۇشنىمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى. ئومۇمەن ئۆي ئىچىدە ھەرقانداق سەرپىياتنىڭ ئىسراپ بولۇشىغا يول قويۇلمايتتى. قېرىنغا تەۋە باغدا بىرقانچە تۈپتىن شاپتۇل، ئۆرۈك، ياڭاق ۋە ئامۇتلىرى بار ئىدى. بۇ مېۋىلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باغنىڭ تاملىرىنى چىتلاپ پۇختا قىلغاندىن تاشقى-

رىغا ئاتايىن بىر ئىت بېقىپ باغ ئىچىگە قويۇۋېتەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا باغقا ئۇچار قۇشتىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيتتى. مەھەللىدىكىلەر بۇ ئادەمنى بېخىل، پىخسىق دەپ قارغايتتى. ھەتتا ئۇششاق بالىلارمۇ ئامۇتىنى ساناپ قويىدىغان قېرى دەپ زارلىناتتى. بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى: «يې-مەي - ئىچمەي بول بېخىل، باي بولمىساڭ مەن كېپىل» دېگەن تەمسىلگە ئۇيغۇن كېلەتتى. يۇرت ئاخۇنلىرى قورسىقىغا ئوبدان بېرىپ ئالدىغا جىقراق پۇل قويسىلا، ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلمايدىغان خەق. ئەمما مەتتۇرسۇنئاخۇننىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ئۆزلىرىگە گۇناھى كەبىر بولسىمۇ، شىكايەت تىللىرىنى تارتمايتتى.

كۈز پەسلى كىرىپ مېۋە - چېۋە شەربەت باغلىغاندا شەھەر ئاخۇنلىرى توپ - توپ بولۇپ سەھرامۇسەھرا مېھماندارچىلىق قىلىدىغان ئادەت ھەممە شەھەردە بولغاندەك خوتەندىمۇ بار ئىدى. بىر كۈزلۈكى بىرقانچە ئاخۇن، دامولىلار مەتتۇرسۇنئاخۇنغا مېھمان بولۇپ كەلگەندە ساھىبخانا ئامالسىز مېھمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئامۇت پىششىقى ۋاقتى، مەتتۇر-سۇنئاخۇننىڭ ئامۇتلىرى قۇمدەك مېۋىلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەربىر مېھماننى بىر تالدىنلا ئامۇت بىلەن مېھمان قىلغانلىقى، ئەڭ ئاخىردا ئۇزاتقۇچە مولىلارغا بىر مىسقالدىن بولسىمۇ پۇل قويمىغانلىقى قاتتىق ئەلەم قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار: «خۇدايىتائالا بەزەن بەندىلىرىگە پۇل - پۇچەكنى يېسۇن، خەجلىسۇن، سەدىقە - ئېھسان بەرسۇن دەپ بېرىدۇ، مەتتۇرسۇنئاخۇندەك بەندىلىرىگە خۇددى ئامانەت قويغاندەك ساقلاش ئۈ-چۈنلا بېرىدۇ، ئۆلگەندە ھەممىسى قالىدۇ!» دەپ قاتتىق شىكايەت قىلىشقا-نىدى.

مەيلى كىم قانداق شىكايەت قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئادەم ئۆز ئىشىغا ھامان پۇختا ئىدى. يىل بويى ساتقان ئاشلىقىنىڭ پۇلىنى تەڭگىگە ئايلاندۇرۇپ تەڭگىگە ئالتۇن ئالاتتى. گەرچە بۇ سودىنى ئىنتايىن مەخپى-يەتلىك بىلەن پۇختا ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇرت ئىچىدە بۇ ئادەمنىڭ «پىخسىق باي»، «قاراڭغۇ باي»، «بىر قاپاق ئالتۇنى بار» دەيدىغان گېپى بار ئىدى. بۇ ئادەم راست بايمۇ؟ بىر قاپاق ئالتۇن بارمۇ، يوق؟ بۇنى

ھېچكىم ئېنىق بىلمەيتتى.

مەتتۇرسۇنئاخۇننىڭ ئايالى بۇۋىخەلىچىخان، چوڭ ئوغلى ھېۋىللائا-خۇن، كىچىك ئوغلى مەتتوختىئاخۇنلارمۇ دادىسىنىڭ ئالتۇنى ئوغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيتتى، پەقەتلا گۇمان قىلاتتى. ھەر يىلى دېھقانچىلىق-تىن چىققان ئاشلىقلارنى ئاتىسىنىڭ قانچە ئون سەر تەڭگىگە ساتىدىغانلى-قىنى، باھاردا ئۆرۈك، يازدا شاپتۇل، كۈزدە ئامۇت، قىشتا ياڭاق سېتىپ تەڭگە پۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن ھېچقانداق چىقىمى يوق بۇ ئۆيدە تەڭگە پۇللار نەگە كېتىدۇ دېگەن مەسىلىسىدە ھەممەيلەن ئەلۋەتتە گۇمان قىلاتتى.

بىر كۈنى مەتتۇرسۇنئاخۇننىڭ ئۆيىدىن چىرايلىق پىشقان بىر قاپاق يوقىلىپ كەتتى. ئائىلىدىكىلەر قاپاقنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە بىرقانچە كۈن بىئارام بولدى. بولۇپمۇ بۇۋىخەلىچىخان قاپاقنىڭ ئۆي ئىچىدە لازىم بولۇۋاتقانلىقىنى ھەر قېتىم ئەسلىسىلا بىر قېتىم تەگەپ قوياتتى.

— قاپاقنى قانداق ئوغرى ئالغاندۇ؟ ئەجەب نائىنساپ ئوغرىكەن! قاپاقنىمۇ ئوغرىلامدۇ؟...

بۇ سۆزنى كۈندە نەچچە قېتىم تەكرارلاپ تەگەۋەرگەندە، مەتتۇر-سۇنئاخۇن سەۋرى قىلالماي:

— قاپىقىڭلار بەك بەلەن بولسا كېرەك، بىرەر باينىڭ كۆزى چۈشكەن بولسا، ئوغرىلاپ ئاپىرىپ ئالتۇن قاچىلاپ قومىغا كۆمگەن-دۇ!؟ — دەپ تەنە ئارىلاش غوڭشىپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوقالغان قاپاقنىڭ گېپى بېسىلدىيۇ، بۇۋىخەلىچىخاننىڭ كۆڭلىدە تېخىمۇ ئېنىق گۇمان قالدى.

ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش داۋامىدا ئائىلە ئەزالىرىدا بىر قاپاق ئالتۇن توغرىسىدا ئاشۇنداق گۇمان بولسىمۇ، قاپاقنىڭ قانداق يەرگە كۆمۈلگەنلى-كىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ ئىنتايىن قاتتىق سىر ۋە مۆجىزە ئىدى. «مەتتۇرسۇنئاخۇن ئاغرىپ قالدى» دەپ خەت كەلگەن ھامان ھېۋىللائا-خۇن بىلەن بۇۋىخەلىچىخان ئىككىسى بىر - بىرىگە ئۆتۈنۈپ بەرمەي، مەن باراي دېسە، مەن باراي دەپ، ھەرقايىسىسى ئۆز كۆڭلىدە مەتتۇرسۇن-

ئاخۇن هايات ۋاقتىدا يىتىپ بېرىپ دىدار كۆرۈشسە، بىرەر ۋەسىيەت بېرەرمىكىن دەيدىغان خىياللارغا بېرىلگەنىدى. شۇڭا ھەر ئىككىسى ئارقا-مۇئارقا يولغا چىققانىدى.

مۇرسىگە خۇرجۇن، بىر دانە چەكمەن چاپان ئارتقان ھېۋىللائاخۇن دەريا ياقىلاپ بۆرە مېڭىشىدا سوكۇلداپ شۇنداق ماڭدىكى، راۋۇرۇس ئات — ئۇلاغلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ماڭالمىغان بولاتتى. كەچ بولسا ياكى پۇت — قوللىرى تالسا، شۇ يەردىلا يىتىپ ئارام ئالاتتى. قورسىقى ئاچسا ئوت قالاپ قۇمنى قىزدۇرۇپ «زايىت»①كۆمۈپ يەيتتى. ئۇسساپ قالسا دەريا سۈيى ئىچەتتى، يەنە ماڭاتتى. مانا شۇنداق ئالدىراش ۋاقىتلاردا ئىنسان باللىرىدا ئىككى قاناتنىڭ بولماسلىقى زور كەمچىلىك ھېس قىلىناتتى.

بۇۋىخەلىچىخانمۇ ئالدىراش يول ماڭماقتا ئىدى. ئۇ ھە دەپ ئېشەك-نى تولا دەپشىنىپ پاچاقلىرىنى يىغىر قىلىۋەتكىلى قىل قالغانىدى. ھېۋىل-لائاخۇننىڭ يىتىپ بېرىپ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى يالغۇز ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق ئالدىرىدىكى، ئۇ ھەم شۇ ۋاقىتتا، مىنىپ كېتىۋاتقان ئېشەكنىڭ نېمچۈن قاناتلىق بولمىغانلىقىغا قاتتىق نارازى بولغاندەك ھېس قىلغانىدى.

مەتتۇرسۇنئاخۇن شۇ يىلى ئادەم يالالاپ سەككىز — ئون پارچە گىلەم توقۇتقانىدى. بۇ گىلەملەرنى كۇچاغا ئاپىرىپ ئۆز قولى بىلەن سېتىپ كېلىش ئۈچۈن كىچىك ئوغلى مەتتوختىئاخۇننى ئېلىپ كۇچاغا كېلىپ گىلەملەرنى ئوبدان باھادا ساتتى. ئەمدى بىرنەچچە كۈن كېچىك-سىمۇ گىلەم پۇلىغا ئالتۇن ئەكەتمەكچى بولدى. شۇ ئەسنادا بىر — ئىككى سەر ئالتۇن سېتىۋېلىپ يولغا چىقاي دەۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يىتىپ قالدى. مەتتوختىئاخۇن دادىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ تېۋىپلەرگە كۆرسەتتى، دورا — دەرمەك ئىچۈردى. مەتتۇرسۇنئاخۇن ئوغلىنىڭ كۆيۈمچانلىقىغا رازى بولغان ھالدا ئۈمىدۋار

---

① كۆمەچنى شۇ يولدا «زايىت» دەپ ئاتىشىدۇ.

كۆزلىرى بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىش ئارزۇسى ــــ كەلگۈسى ئىشلارغا بولغان ئۈمىدى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ھالسىز بولسىمۇ قوللىرىنى پات ـ پات قىيىلىپ ئىشتانىنىڭ لىپپىزىگە تىكىۋالغان ئالتۇننى تۇتۇپ قوياتتى. ئۇيغاقلا بولسا بۇ نەرسىنى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارماي سىلاپ تۇرغانلىقى ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىشلار ئۈچۈن بولغان ئۈمىدىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

شۇ كۈنلەردە ھېۋىللائاخۇن كۇچاغا يېتىپ كەلدى. يىراقتىنلا كۆز يېشى قىلىپ، بىمارغا ئۆزىنى ئېتىپ، قوللىرىنى سۆيۈپ، ئۆز ئاتىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىنى نامايان قىلدى. ئاتا بولسا، چوڭ ئوغلى ھېۋىللائاخۇننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ئانچىكىم قاراپ قويۇپلا يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ئۆز ھالىغا يېتىۋالدى.

ئەتىسى ھېۋىللائاخۇن، ئۆگەي ئىنىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئېشەك جىرغىسى بىلەن ئاتىسىنى خوتەنگە ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. مەتتۇرسۇنئاخۇن ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىمارنى جىرغىغا سېلىپ يولغا چىقتى.

قېرىنداشلار ئوگەن كېسەل، مەتتۇرسۇنئاخۇننى كۈندىن ـ كۈنگە ھالسىزلاندۇرۇپ كۆز ئېچىشقىمۇ دەۋىتىنى قويمايۋاتقان، قانداقتۇر ھالسىزلىقتىن كېلىۋاتقان مەڭگۈ ئۇيقۇ باشلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۈمىدتىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ كۈچ، ئۇنى ئاخىرقى نەپەسكىچە جان تالاشتۇرماقتا ئىدى. شۇڭا بىمار ئىمكانقەدەر كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ قانداق ۋە نەدە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاشقا قىزىقاتتى. گاھى ئۇ دەريا بويلىرىدا، گاھى توغراقلىقلاردا، يۇلغۇنزارلىقلاردا كېتىۋاتقانلىقىنى خىرە ـ شىرە بولسىمۇ كۆرەتتى. تولىراق كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان ياكى ئۇخلاپ قالغان چاغلاردا قانداق يەرلەرنى كېزىپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى، بىلىشكىمۇ قىزىقمايتتى. لېكىن ئازراق ھوشى ساق بولسىلا بىر ئامال قىلىپ لىپەزدىكى مېتالنى سىلاپ خاتىرجەم بولاتتى. ھېۋىللائاخۇن بىلەن مەتتوختىئاخۇن ئۆز دادىسىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر كۆزىنى ئاچماي يېتىۋالغانلىد-

قىغا قاراپ غەم قىلىپ بىئارام بولاتتى.

بىر كۈنى ھېۋىللائاخۇن ئۆگەي ئىنىسى مەتتوختىئاخۇننى خالىي بىر جايغا قىچقىرىپ بىرئاز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن:

— دادام سىزگە بىرەر گەپ - سۆز قىلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دادام كېسەلنىڭ زورىدىن ئۇنى - بۇنى دەپ جېدەل قىلغاندىن باشقا ھېچقانداق گەپ قىلغىنى يوق! — دېدى مەتتوختىئاخۇن سەممىيەتلىك بىلەن.

— ۋەسىيەت ئول - بول قىلمىدىمۇ؟

— ياق، ئاكا.

ھېۋىللائاخۇن بۇ سۆزلەرگە بىر تۇرۇپ ئىشەنسە، بىر تۇرۇپ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. بىر كۈنى مەتتوختىئاخۇن ئېشەك سۇغارغىلى كەتكەن پەيتتىن پايدىلىنىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— جېنىم دادا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا!، مەن ھېۋىللا، سىزنىڭ جىگەر پارە بالىڭىز، كۆزىڭىزنى بىر ئېچىڭا! — دېدى ئۇ يىلىنغان ئاھاڭدا. بىمار كۆزىنى ئاچماقچى بولغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن ئاچمىدى. ھېۋىللائاخۇن سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى دېگەندەك، قانداق گەپ - سۆزىڭىز بولسا، مەن ئاڭلاپ قالاي.

بىمار يەنە قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ بېشىنى چايقاپ جىم ياتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ، دادا، ۋەسىيەتلىرىڭىزنى ئاڭلاپ قالاي!

ھېۋىللائاخۇننىڭ يالۋۇرغان ئاۋازى توغراقلىقلار ئىچىدە شۇنچە جاراڭلىغان بولسىمۇ، بىمارغا ھېچقانچە تەسىر قىلمىغانىدى. ھېۋىللائاخۇن ئۆزىنىڭ خوتەندىن شۇنچە ئالدىراپ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندى ۋە ئۈمىدسىزلەندى.

بىمار جىرغىدا، شايار بىلەن ئاقسۇ ئاۋات ئارىلىقىدىكى جاڭگال يولىدا كېتىۋاتقاندا خوتەن تەرەپتىن بۇۋىخەلچىخان يېتىپ كەلدى. بۇ ئايال يىراقتىنلا كۆيدى - پىشتى بولۇپ بىمارغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ

بەدەن ـ باشلىرىنى سىلاپ قوللىرىنى تۇتۇپ:

ــــ ئاخۇنۇم، ئاخۇنۇم! ــــ دېدى يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن نالە قىلىپ، ــــ مەن كەلدىم ــــ مەن! كۆزلىرىنى بىر ئاچسىلا ئۆز غوجام، مەن خۇش بولاي! ئەجەب ساق ئادەمتىلە، نېمە بولغانلا!

بىمار بۇۋىخەلىچىخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئېچىپ خېلى ئۇزۇن قارىدى.

ــــ مەن كەلدىم، مانا مەن، قانداقراق مىجەزلىرى، ئانار شەربىتى قىلىپ بېرەي...، ــــ بۇۋىخەلىچىخان ئۇغلى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ــــ بالام مەتتوختاخۇن، خۇرجۇندا ئانار بار، ئەكەلسىلە، دادىلىرىغا ئانار شەربىتى سىقىپ بېرەي.

بۇلار ئىككى ئانارنى سىقىپ بىرنەچچە قوشۇق ئانار شەربىتى ھاسىل قىلىپ بىمارغا تەڭلەپ:

ــــ ئاخۇنۇم، كۆزلىرىنى بىر ئاچسىلا، ماۋۇ ئانار شەربىتىدىن ئازراق ئىچسىلە، دەردلىرىگە داۋا، رەنجىلىرىگە شىپا، يابىسمىللا...

بۇۋىخەلىچىخان يۇمشاققىنە قوللىرى بىلەن بىمارنى يۆلەپ ئۆرە قىلىپ ئانار شەربىتىدىن نەچچە قوشۇق ئىچۈردى. بىمار بۇ غەمخورلۇقلارغا مىننەتدار بولغاندى. بۇۋىخەلىچىخان بىمارنى پۇتۇنلەي ئىگىلەپ، ئۆزى ئالغاچ كەلگەن داۋايى مۇشك، گۇلقەنت، ھەببى شىپا دورىلىرىنى يېگۈزۈپ، داڭقانغا كېسەل تامقى ئېتىپ بېرىپ بىمارنى خېلىلا رازى قىلدى. ئاشكۆكى سېلىنغان ھىدلىق سۇيۇقئاشتىن بىرقانچە قېتىم ئىچكەن بىمار خېلىلا ئوڭشىلىپ، كۆز قارىچۇقلىرىدا يېڭىۋاشتىن ھاياتلىق نۇرى يالتىراشقا باشلىدى.

لېكىن ھېۋىللائاخۇن بۇ ئەھۋاللارغا چىدىمايتتى. بولۇپمۇ ئۆگەي ئانىسىغا ئاچچىقلىنىپ، بۇ ئازازۇل دادامنىڭ ھەممە سىرىنى يالغۇز ئىگىلىۋالىدىغان بولدى، دەپ كۆچلۈك ھەسەت قىلاتتى.

## 3

مەتتۇرسۇنئاخۇن خوتەنگە سالامەت يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىدلىك كۆزلىرى پىلدىرلاپ چاقناپ تۇراتتى. قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يوقلاپ كېلىشتى. يوقلىغۇچى ھەرقانداق كىشى ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن تاشقىرى ھەر خىل شىپالىق دورىلارنى تونۇشتۇرۇپ چارە ـ تەدبىرلەر تەقدىم قىلدى. لېكىن مەتتۇرسۇنئاخۇن جېنىغا ئارامبەخش قىلىدىغان شىپالىق دورىلارنى قىلىشقا قىزىقماستىن ئازاب چەكسىمۇ سەۋرى قىلىپ ساقىيىپ قالىمەن دەپ يېتىۋەردى. قارىماققا سەۋرى قىلىپ خاتىرجەم ياتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. لېپەزدىكى مېتالنى پات ـ پات سىلاپ كۆرۈپ، بۇ مېتالنى قاپاقتىكى ئالتۇنلارغا قانداق قوشۇۋېلىش مەسىلىسى ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى. بولۇپمۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە پەيت كۈتۈپ ئارامدا ئۇخلىيالمايتتى. ھويلىدا ھېۋىللائاخۇن، مەتتوختىئاخۇنلار ياتاتتى. كاتۇنىڭ يېنىدا بۈۋىخەلىچىخان ھەمراھ بولاتتى. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارغا تۇيدۇرماستىن قانداقمۇ ھەرىكەت قىلغىلى بولسۇن!

بىر كېچىسى پەيتنى تېپىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، بۈۋىخەلىچىخان سېزىپ قېلىپ ئەمەلگە ئاشمىدى. يەنە بىر كېچىسى ھاۋانى بۇلۇت قاپلىغان قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا بۈۋىخەلىچىخان تۇيمىغان بولسىمۇ، كەتمەننى ئالغاندا تىرىقلاپ كېتىپ ھېۋىللائاخۇنغا تۇيۇق چۈشۈپ قېلىپ يەنە ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بېسىلىپ قالغىنى يوق. ئۇ ھاياتقا بولغان ئۈمىدى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ تاشقىن ۋاقتىدىكى ئېقىنىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. پات ـ پات ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈپ قىلماقچى بولغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پىلان تۈزەتتى.

بىر كېچىسى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ جاھاننى زۇلمەت باسقانىدى. مەتتۇرسۇنئاخۇن پەيتنى قولدىن بەرمەي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قولىغا كەتمەن ئېلىپ قوملۇققا

چىقتى. ئۆزىگە تونۇش بولغان ئۇقتىغا بېرىپ قۇمنى قايرىدى ۋە ئۇ يەردىكى كۆمۈكلۈك قاپاقنى تېپىپ، لېپەزدىكى ئالتۇننى ئىلگىرىكى ئالتۇنغا قوشۇپ يەنە جايىغا كۆمۈپ قايتىپ ئورنىدا يېتىۋالدى. بۇنى ھېچكىم تۇيمىدى. بەختكە يارىشا ناماز ۋاقتىدا بىرئاز شامال چىقىپ مەتتۇرسۇنئاخۇننىڭ ئىزلىرىنى كۆمۈپ ئىلگىرىكى ھالەتكە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

مەتتۇرسۇنئاخۇن قايتىپ كېلىپ خاتىرجەم بولغان ھالدا ئارام ئېلىشقا ياتتى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇيقۇسى ئۈچ كۈن داۋام قىلدى. راستتىن ئېيتقاندا بىمار قۇم كولاپ زورۇقۇپ ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە گەرچە ئۇ، ئويغانغان بولسىمۇ، كۆزىنى ئېچىشقا ئامالسىز قالدى. بىمارنىڭ ئەھۋالىدىكى بۇ جىددىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە تاماقتىن قالدى. ئۆلۈم ئالدىدىكى شېرىن ئۇيقۇ بىمارنى زور كۈچ بىلەن بېسىۋالغانىدى. بۇيانقىلار بىمارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن غەم قىلىشقا، شۇنداقلا بىمارنىڭ بىرەر سۆز ۋەسىيەت قىلىشىغا تەقەززا بولۇشتى.

لېكىن بۇ ۋەسىيەت يالغۇز بىر كىشىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قېلىشىنى ھېچكىم خالىمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ھەممەيلەن ھوشيار بولۇپ، بىمارنىڭ ئەتراپىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئاجرالمايتتى. ناۋادا ھېۋىللائاخۇن تاشقىرىغا چىقماقچى بولسا، ئايالى زۇمۇرخاننى پايلاقچى قىلىپ ئاندىن چىقاتتى. بۇۋىخەلچىخان تالاغا چىقماقچى بولسا، مەتتوختىئاخۇننى مىختەك ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاندىن چىقاتتى. دېمەك، ھەممىسىلا گويا كىسەلنىڭ ھالىدىن غەم قىلىپ ئاجرالغۇسى كەلمىگەندەك بولۇشۇپ بىر ـ بىرىدىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇشتى.

بىمار ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋاتقان بولسىمۇ، گويا ئۆزىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك ھاياتقا بولغان ئۈمىد قۇشلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ كۆرەتتى. ئاشلىق بازارلىرىدا يەنە ئاشلىق سودىسى قىلىش، چاراقلاپ تۇرىدىغان تەڭگىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ساناش، كۈچاغا يەنە بېرىش ئارزۇلىرىدا لەززەت تاپماقچى بولاتتى. لېكىن بىمار ئارزۇ قىلغان لەززەت دېگەندەك خۇش قىلالمايدىغان بولۇپ

قالغاندى. كۈنلەر ئۆزارغانسېرى ئۇنىڭ ئۈمىد قۇشلىرى كۆزلىگەن يېرىگە ئۇچماي، ساراڭ قۇشتەك ھەر تەرەپكە قېچىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. بۇنداق بولۇشى بىمارغا كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرەتتى. بۇ كۆڭۈلسىزلىك ــــ قانداقتۇر ئاچچىق ئازابقا ئايلانغاندەك قىلاتتى. بىر كۈنى بىمار بۇ ئازابلار-دىن ئۆزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، نەپەس سىقىلغاندەك بولۇپ بىرلا قېتىم خارقىراپ قالدى ـ دە، قايتا نەپەس ئالالماي قالدى.

مەتتۇرسۇنئاخۇن ئاخىرقى ھېسابتا نەپەستىن توختاپ مەڭگۈ ئۇيقۇ-غا، شۇنداقلا مەڭگۈ خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ ئارام تاپتى. لېكىن بۇۋىخەلىد-چىخان، ھېۋىللائاخۇنلار باشلىق قوۋم ـ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ھازا بىلەن ئېغىر گۇمان قالغاندى...

ھېۋىللائاخۇن ئۆز گۇمانىدا دادام ۋەسىيەتنى بۇۋىخەلىچىخانغا قىلدى-مىكىن دېسە، بۇۋىخەلىچىخان بۇ ۋەسىيەت ھېۋىللائاخۇنغا قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلاتتى. شۇڭا بۇلار مەتتۇرسۇنئاخۇن ۋاپات بولغان كۈندىن باشلاپ بىر ـ بىرىگە تۇيدۇرماستىن ھويلا ـ ئارام، باغ ۋە باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قوم دۆڭلىرىنى قاتتىق كۆزەتتى. ناۋادا ھېۋىللائاخۇن قوم دۆۋىلىرىگە بۇ تەرەپتىن ئۆتكەن بولسا، ئۇ تەرەپتىن مەتتوختىئاخۇن پەيدا بولۇپ قالاتتى. گاھىدا مەتتوختىئاخۇن باغقا كىرگەن بولسا، ئىز بېسىپلا باغقا زۇمۇرخان پەيدا بولۇپ قالاتتى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھېچكىم بەخۇدۇك تەكشۈرۈش قىلالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەربىرىنىڭ قارا چېكىپ قويغان نۇقتىلىق جايلىرى بار ئىدى.

بىر كۈنلىرى ھېۋىللائاخۇن ئۆي ئىچىدىكى ھەرقانداق زۆرۈر ئىشلىد-رىنى تاشلاپ ئېتىكاپقا بارىمەن دەپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر مازارغا كەتتى. ھەپتە ــــ ئون كۈندە بىرەر قېتىم كېلىپ ئوزۇق ـ تۈلۈك ئەكەتكەندىن باشقا كۈنلىرى ئۆيدە بولمايتتى. بۇ ئىشتىن بۇۋىخەلىچىخان خاتىرجەم بولغاندەك ھېس قىلاتتى...

بىر كېچىسى تاڭغا يېقىن، ئاسماننى چىپار بۇلۇت قاپلىغان، پۇچۇق تاۋاقتەك كۆرۈنگەن يېرىم ئاي، گاھى بۇلۇت ئاستىدا قالسا، گاھى ئاشكارا

بولۇپ يەر ــ جاھاننى غەيرىي نورمال يورۇتۇۋاتقان بىر پەيتتە، مەتتۇر-سۇنئاخۇننىڭ ھويلىسىدىن كەتمەن كۆتۈرگەن بىر ئادەم شاپاشلاپ چىقىپ باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قۇملۇقتا كېلىپ توختىدى. بۇ ئادەم ئەتراپقا بىر قۇر دىققەت بىلەن قارىۋالغاندىن كېيىن بىر نۇقتىنى كولاشقا باشلىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاغدەك قۇملارنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ تاشلاپ نېمىدۇر بىرنېمىنى ئىزدەيتتى. يەنە كولاشنى داۋاملاشتۇراتتى. پات ــ پات توختاپ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ يەنە كولايتتى. بۇ ئادەمنىڭ مۇنداق جىددىي ۋە كۈچەپ ئىشلىگىنىگە قارىغاندا قانداقتۇر قىزىقارلىق ئۈمىدىنىڭ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەلكى بىر قاپاق ئالتۇننىڭ دەل شۇ يەردىن چىقىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەجرىگە يارىشا قاپاق تېپىلىپلا قالسا ھاردۇقۇم چىقىدۇ دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ قۇم قايرىۋاتقاندا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر چوماق كېلىپ ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىگە تەگدى. تىك موللاق ئاتقاندەك دۈم چۈشكەن بۇ گەۋدە شۇئانلا ھوشىدىن كەتكەندى. چوماق تەگكەن يەردىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىشقا باشلىدى.

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن بىرئاز ھوشىغا كەلگەن كەتمەنچى ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى چۈشەنمەكچى بولدى، ئەمما ھېچنېمە چۈشىنەلمىدى. باش ــ ئاخىرى قانداق بولغانلىقىنى ئويلانغۇدەك بىرەر ئىش ــ بىرەر ۋەقەمۇ ئېسىگە كەلمىدى. پەقەتلا ئۆز بېشىنىڭ باشقىچە ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى سېزەتتى. قولى بىلەن بېشىنى سىلاپ كۆرمەكچى بولدى. بىراق قولىنى ئۇيان ــ بۇيان قىلىش خۇشياقمىغاندەك ياكى قۇربى يەتمىگەندەك غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇ ئەمدى تۇرۇپ كېتىشنى ئويلىدى. بۇ بىر بىھۇدە خىيالدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئالتۇننىڭ «بىر يۈزى قان، بىر يۈزى يىرىك» دېگىنى راست سۆز ئىدى. چوماق يېگۈچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى. چوماق يېگۈچى بۇ ھەقىقەتنى ئەلۋەتتە چۈشەنگەن بولغىيتتى... ئەگەر چۈشەنگەنلا بولسا ئالەمگە جاكارلىۋېتىشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن شۇ پەيتتە ئۇ ئاجىز ئىدى. ئۇنى قانداقتۇر

بىر قارا قۇش كۆچلۈك تىرناقلىرى بىلەن چاڭگاللاپ كۆچەپ بىسىپ يەرگە پاتۇرماقتا ئىدى. گويا ئۇنىڭ تۇمشۇقى يەرگە چۆككەنسىرى نەپەس بوغۇلـ ـماقتا ئىدى. شۇڭا ئـۇ ھالسىزلانغان بوغۇق ئاۋازدا: «ھەي دادا... ھەي دادا...» دىدى. بىرئاز ۋاقىتتىن كىيىن: «ئالتۇن، ھەي ئالـتۇن...» دىـ ـدى ــ دە، شۇنىڭ بىلەن شۈك بولۇپ قالدى.

ئەزان ۋاقتىدا بۆۋىخەلىچىخانىنىڭ كۆڭلى ئەنسىرىگەندەك بولۇپ ئوغلىنىڭ ئىزىدىن قۇملۇققا چىقىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان بىر گەۋدىنى ئۇچرىتىپ قاتتىق چۆچۈدى. ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ بۇ گەۋدىنىڭ ئۆز ئوغلى مەتتوختىئاخۇن ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۆزىنــى يوقاتــقان ھالــدا ئاللا ــ تووۋا دەپ يىغلاشقا باشلىدى. تاڭ سەھەردىكى ئوچۇق ھاۋادا ياڭرىغان يىغا ساداسى مۇھىتنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. مەتتوختىئاخۇن ئاللىقاچان مۇزلاپ قېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئانىسىنىڭ يىغا ــ زارىنى ئاڭلىمىغانىدى. قولۇم ــ قوشنىلار توپلاندى. ھەيران بولغان جامائەت، بۇ قانلىق ۋەقەنىڭ ھىچ يېرىنى چۈشىنەلمەي مېيىتنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئېلىپ باردى. ھېۋىللائاخۇن بۇ ۋەقەدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزگەندىن كىيىنلا بۆرە مىڭىشى بىلەن لاپىلداپ يېتىپ كېلىپ، چوڭ يولدىنلا ھۆكرەپ يىغلاپ ھازىغا قاتناشتى. ئۇكىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

مېيىتنى يۇيۇپ ــ تاراپ يەرلىككە قويۇش ئارىلىقىدا جامائەت بۇ ۋەقەنى جىق سۈرۈشتۈرمە قىلدى. لېكىن قانائەت تاپقۇدەك چۈشەنچە ئوتتۇرىغا چىقمايتتى. جامائەت ئۇنداق دەپ، مۇنداق دەپ، ئاخىر مەتتوخـ ـتىئاخۇننى بىرى سۆرەپ قۇملۇققا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈپ قۇمغا كۆمۈۋەتمەكچى بولغانىكەن دەيدىغان خۇلاسىگە كېلىشتى. لېكىن ھېۋىللائاخۇن بۇ سۆزـ ـلەرگە ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە: مەزكۇر قۇملۇقنى كۆزىتىدىغان قانداقتۇر بىر قارا قولنىڭ بارلىقى، بۇ قارا قول قانداقتۇر يىراق يەردىن بۆرە مىڭىشى بىلەن لاپىلداپ كېلىپ قۇملۇقنى چۆرگىلەيدـ ـدىغانلىقى، ھەرقانداق ئادەم بۇ قۇملۇققا كەلسە ياكى باشقىچە ھەرىكەتتە بولسا، ئۇنداق ئادەمنى ئوجۇقتۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىغانلىقى... دەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بىر خىل مۇدھىش گۇمان كەلگەندەك بولاتتى. لېكىن بۇ گۇماننى ئوتتۇرى-
غا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى...

4

يىگانە ئوغلى مەتتوختىئاخۇننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى بۇۋىخەلچىخانغا
چىدىغۇسىز ئەلەم بولغانىدى. يانجىلىپ كەتكەن يىلاندەك تولغىنىپ ئۆزد-
نى يەرگە ئۇرۇپ كېچە ــ كۈندۈز زار ــ زار يىغلىدى. ئوغلىنىڭ قانداق
ۋە نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكى ئانىغا ئايان ئىدى. بۇ سىرنى كىشىگە
ئېيتقىلى بولمايتتى. شۇڭىدەك كىم تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكمۇ ئانىنىڭ
كۆڭلىگە سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. بۇ سىرنى تېخىمۇ ئاشكارا قىلغىلى
بولمايتتى. يۇقىرىقى ئىككى سىرنى ئاشكارا قىلغىلى بولماسلىقتەك سەۋەب
بىلەن ئانا ھەرقانچە تولغىنىپ يىغلىسىمۇ زادىلا ئىچى پۇشمايتتى. بەلكى
تېخىمۇ قاتتىق ئازاب چېكەتتى. ئوغلىنى قۇملۇققا ئۆزى چىقارغان ئەمەس-
مىدى؟ بۇنىڭ ئەلىمگە قانداق چىدىغىلى بولسۇن؟ ئاۋادا پۈتۈن سىرلار-
نى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولسا، بۇنى ئاڭلىغان خەلقئالەم نېمە
دەر؟ نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك دەرمۇ؟ ئۆزىنىڭ شورى دەپ نەپرەت
ياغدۇرارمۇ؟ شۇ سەۋەبتىن بۇۋىخەلچىخان ئىچىدىن زىدە بولۇپ تۈگەپ
كېتىۋاتاتتى.

ھېۋىللائاخۇنمۇ ھازا قىلىپ ئازاب چېكەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ قانداق
قىلىپ خۇنلۇق، قانلىق پاجىئە دەرىجىسىگە يېتىپ قالغانلىقىغا ھەيران
بولاتتى ۋە ئۆكۈنەتتى. ھازا جەريانىدا كىشىلەر قانداق گۇمان قىلىۋاتىدى-
غاندۇ؟ مەندىن گۇمان قىلىۋاتىدىغاندىمۇ؟ دېگەندەك مەشئۇم خىياللار
ئۇنىڭ كاللىسىغا دائىم كېلىپ تۇردى. مۇنداق ئەھۋالدا ھازىغا قاتناشقان
ھەرقانداق ئادەم ھېۋىللائاخۇن بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ
كۆزىگە قادىلىپ قاراپ قانداقتۇر بىرنېمە ئىزدەۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى.
كىشىلەرنىڭ مۇنداق قاراشلىرى ئۇنى خۇدۇكسىرەتتى. لېكىن ئۇ، پۈتۈن
ۋۇجۇدى بىلەن ھازىغا بېرىلىپ ھەرقانداق گۇمانلاردىن ئۆزىنى ساقلاپ

چىقتى. يىغلاپ ــ قاقشاپ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ ﻣﻪيىتنى ئۇزات-
تى، نەزىر ــ چىراغ ئۆتكۈزدى. بۇ رەسمىيەتلەر ئارقىلىق مەتتوختىئاخۇن
ئۈستىدە پەيدا بولغان قانلىق پاجىئەنىڭ ماتەم ــ قايغۇلىرى تەدرىجىي
تۈزۈپ تۈگىگەنىدى.

لېكىن بۈۋىخەلىچىخاننىڭ ئازابى بىلەن ھېۋىللائاخۇننىڭ بېشىدىكى
قايغۇ ــ ئەلەملەر تۈزۈپ كەتمىگەنىدى.

ھېۋىللائاخۇننىڭ ئايالى زۇمۇرخان، مەھەللىدىن ھەر خىل گەپ ــ
سۆزلەرنى ئاڭلاپ كېلەتتى: «روزى موللامغا رەم باقتۇرۇپتىكەن، قاتىل
ئۆز ئىچىدە دەپتۇ»، مەھەللىدىكىلەر: «بۇ خەق بىر قاپاق ئالتۇننى
تالىشىپ بىر ــ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىشىدۇ»، «قىساس تارتىدۇ» دېيىشى-
ۋېتىپتۇ، ۋەھاكازا. زۇمۇرخان ئاڭلاپ كەلگەن گەپ ــ سۆزلەر ھېۋىللائا-
خۇنغا كۆڭۈلسىزلىك ۋە بىئاراملىق كەلتۈرەتتى. بۇ خىل سۆزلەر ئاڭلانسىلا
بەدىنىگە سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىترەك ئولىشاتتى، گاھىدا گويا يۈرىكىگە
پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىيتتى.

بۈۋىخەلىچىخاننىڭ قۇلىقىغىمۇ ھەر خىل گەپ ــ سۆزلەر كىرىپ
تۇراتتى: «ئاشۇ خوتۇننىڭ نىيىتى يامان بولمىسا ئوغلى ئۆلمەيتتى، ئۆزى-
نىڭ شورى!» بۇنداق سۆزلەر تۈز ئۈستىگە لازا سەپكەندەك بولاتتى.
«ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، بۈۋىخەلىچىخانغا
يېپىدىن ــ يىڭنىسىغىچە ئايان بولغان بۇ پاجىئە ھەققەتەن كۆتۈرەلگۈ-
سىز دەرد ئىدى. تولا يىغلاپ، تولا ئويلاپ كۆڭدىن ــ كۆڭگە ئاجىزلاشقان
بۈۋىخەلىچىخاننىڭ مىجەزى كەملەپ ئاغرىپ قالدى. ھېۋىللائاخۇن جان
كۆيەرمەنلىك قىلىپ تېۋىپلارغا كۆرسەتتى، داخانلارغا ئوقۇتتى، ھەتتا پىرە
ئوينايتتى. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇللىرىدا بىمار ياخشىلىنىشنىڭ ئورنىغا
تېخىمۇ ئاجىزلاشتى، ناچارلاشتى...

تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس دېگەندەك ھېۋىللائاخۇن بىلەن زۇمۇرخان
راسا تېپىشقانلاردىن ئىدى، مىجەز ــ خاراكتېرى ئوخشىشاتتى. ھېۋىللائا-
خۇننىڭ قارا قورساقلىقىغا بېقىپ زۇمۇرخانمۇ رەھىمسىز قارام ئايال ئىدى.
بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى — ئۈچ بالا بولغانلىقتىن كەلگۈسى تۇر-

www.uyghurkitap.com

مۇش ـ ئىستىقبال جەھەتلەردە مەقسەتلىرى بىر يەردىن چىقاتتى. زۇمۇر-
خان گەرچە بىر قاپاق ئالتۇن توغرىسىدا ئېرىدىن ئېنىق گەپ ـ سۆز
ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىدا كېتىۋاتقان كۆرەش ۋە زىددىيەتلەرنى
سېزىپ يۈرەتتى. مەتتوختىئاخۇن پاجىئەسىدىن نەچچە كۈن بۇرۇن بۇۋى-
خەلچىخان بىلەن مەتتوختىئاخۇن ئىككىسى قۇملۇقتا چۆرگىلەپ يۈرگەن-
لىكىنى كۆرگەن زۇمۇرخان بۇ ئەھۋالنى ئېرىگە دوكلات قىلغانىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ھېۋىللائاخۇن ئەل ياتقان ۋاقىتلاردا مازاردىن كېلىپ
قۇملۇقنى كۆزىتىپ تاڭ ئېتىشقا يېقىن قايتىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانى-
دى. ھەتتا مەتتوختىئاخۇن قۇمنى كولىغان كېچىسىمۇ ھېۋىللائاخۇن
مازاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ كېچىسى پەيدا بولغان
پاجىئەلىك ئىشلار قانداقتۇر ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان خۇدانىڭ تەقدى-
رىدىكى سىرلىق مۆجىزە ئىدى. بۇ سىرنى ھېۋىللائاخۇن بىلەن زۇمۇرخان
ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا چۈشەنگەندەك بولاتتى... لېكىن ھەرگىز
ئۆزئارا سۆز بىلەن چۈشەنچە بېرىشمەيتتى...

ھېۋىللائاخۇن ئايالى زۇمۇرخاننى ئۆگەي ئانىسىنىڭ كېسىلىگە قاراي-
دۇ دەپ تەيىنلەپ قويغانىدى. زۇمۇرخان ئۆز ۋەزىپىسىنى قانداق ئورۇن-
دايدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ھېۋىللائاخۇننى رازى قىلغىلى بولىدىغان-
لىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بىمارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش
جەريانىدا، مۇمكىنقەدەر يالغۇز تاشلىۋېتىش، ئۇسسۇزلۇق، تاماق بېرىشتە
كېچىكتۈرۈش، ياخشى گەپتىن كۆرە يامان سۆزنى كۆپرەك قىلىش، زەھەر-
لىك چېقىۋېلىش، ئېپى كەلگەندە ئاچچىق چىمدىۋېلىش، قورقۇتۇپ ئۇ-
جۇقتۇرۇۋېلىش، ئىشقىلىپ ھەممىنى ئورۇنداپ ئېرىنى رازى قىلاتتى.

ھېۋىللائاخۇن ھە دېسە چالا تېۋىپلارنى ئەكېلىپ كۆرسىتىپ، قەۋزد-
يەت، يەل دەپ سانا قايىنتىپ ئىچۈرۈش ئارقىلىق بىمارنىڭ ئىچىنى
ھەيدەپ ئاجىزلاشتۇرۇش، پىرە ئويىنىتىپ ئېكىز ـ پەس چايقاش، دەم
سۈيى، شەكلى سۈيى دەپ قارا سىياھ بىلەن سامان قەغەز سۈيى ئىچۈرۈپ
ھالسىزلاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ زۇمۇرخانغا ياردەملەشتى. بىر
كۈنى ئەتىگەنلىكتە ھېۋىللائاخۇن بىمارنى يوقلاپ كىرىپ ئەھۋال سورد-

غاندىن كېيىن:

— ئانا، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىلا، دادامنىڭ قالدۇ-رۇپ كەتكەن گەپ ـ سۆزلىرى بولسا بىزگە ئېيتسىلا، ئاڭلاپ قالاي-لى! — دېدى.

بۈۋىخەلىچەخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇددى قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنى بوغۇزىغا قۇيغاندەك غىققىدە بوغۇلۇپ گەپ ـ سۆز قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پەقەتلا ياش قۇيۇلاتتى. ھېۋىللائاخۇن بۇ ئەھۋالغا نارازى بولغاندەك سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاناڭنى... قېرى جادۇ! — دېدى ـ دە، پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزى ۋە ئاخىرقى ئاچچىقىنى كۆرگەن بۈۋىخەلىـ-چەخان ئېغىر ئېلىپ قانچە كۈنگىچە تۈزۈك تاماقمۇ يېمىدى.

— ئۆلمىگەن جادۇ، ھەممە گەپنى قورسىقىدا سېسىتىپ گۆرىگە ئەكەتمەكچىمىكىن! — ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك زۇمۇرخان پات ـ پاتلا ئاڭلىسۇن دەپ غوتۇلدايتتى.

زۇمۇرخان بىمارغا ئۇسسۇزلۇق بەرگەنلەرگە دوق قىلىپ قوپاللىق قىلاتتى، بېشىنى يۆلىگەندە سىلكىشلەيتتى، ياتقۇزغاندا نوختاپ قوياتتى. ئاجىزلاشقان بىمارغا بۇ مۇئامىلىلەر شۇ قەدەر ئېغىر كېلەتتىكى، ئىككىلەن-مەستىن «جېنىمنى چاپسانراق ئالغىن» دەپ خۇدايتائالادىن تىلەيتتى.

بۈۋىخەلىچەخاننىڭ ئۆز تۇغقانلىرىدىن بىرەرى يوقلاپ كېلىپ قالـ-دىغان بولسا، زۇمۇرخان نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بىمار بىلەن تۈزۈك مۇڭداشقىلى قويمايتتى. ھەرقانداق زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يېنىـ-دىن چەتنىمەي ھەرقانداق گەپ ـ سۆزگە ۋە ھەرىكەتلەرگە دىققەت قىلاتتى. ناۋادا يوقلاپ كەلگۈچىلەر ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالسا، بىر باھانە بىلەن ئۇلارنى كېتىشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بۈۋىـ-خەلىچەخانغا ئاگاھلاندۇرۇپ:

— مېنى قىلغان بىلەن يەنە مەن ئەسقاتىمەن! — دەيتتى.

بىر قېتىم مەتقاسىمئاخۇن يوقلاپ كېلىۋىدى، بۈۋىخەلىچەخان كۆز يېشى قىلىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە زۇمۇرخان كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن

بىمار دەرھال كۆز يېشىنى توختىتىپ جىم بولۇپ قالدى. لېكىن مەتقاسىم-ئاخۇن كەتكەندىن كېيىن زۇمۇرخان زەردە بىلەن:

— كۆز يېشى قىلغىنىڭ بىلەن ئۇ بىرنېمىلىرىڭ ساڭا ئەسقاتمايدۇ... سەن يەنە مېنىڭ قولۇمدا! — دېگەن پېتى كېلىپ بۇۋىخەلچىخاننىڭ كۆكرەكلىرىنى نىقتاپ گېلىنى راۋۇرۇس بوغۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىمار ھېچكىمگە كۆز يېشى قىلالمايدىغان، كەلگەن ھەرقانداق كىشىگە: «زۇمۇرخان ياخشى قاراۋاتىدۇ» دېگەندىن باشقا سۆزنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ ئىغىر كۈنلەردە كۆپىنچە كۆزنى ئاچماستىن گويا ھېچكىمنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك، گويا ھەممىدىن بىزار بولغاندەك شۈك ياتىدىغان بولۇۋالدى. گاھى كېچىلىرى جۆيلۈپ:

— ۋاي بالام، مەتتوختىئاخۇن جېنىم بالام!... دادىڭىزنىڭ يېنىغا بىئەجەل كېتىۋالدىڭىز، ئاشۇ دادىڭىزنىڭ ساقىلىنى بىرنى قويماي يۇلۇپ تاشلاڭ!... ئۇ بىرنېمىسى ئۆزىگىمۇ ئەسقاتمىدى، بىزگىمۇ بىر بالا بولدى. خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، ھېۋىللانىڭمۇ كۆرىدىغان كۈنى بار، — دېگەندەك سۆزلەرنى قىلاتتى. زۇمۇرخان بۇ سۆزلەرنى ئېيتماي — تېمىتىماي ھېۋىللائاخۇنغا يەتكۈزگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ ئاچچىقى كېلىپ:

— قېرى جادۇنىڭ گېلىنى بوغساڭ بولماتتى! — دەيتتى.

ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇۋىخەلچىخان مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتتى. ھېۋىللائاخۇن باشچىلىقىدا ھازا ئېچىپ قائىدە بويىچە يۇيۇپ — تاراپ يەرلىككە قويدى، نەزىر — چىراغ ئۆتكۈزدى.

بۇ ئىشلار ئىجتىمائىي ھاياتتىن ئىبارەت كەڭ دېڭىزدا بىر تامچە سۇ سۈپىتىدە سىڭىپ تۈگىدى. ئاۋازلار ئۆچۈپ، گەپ — سۆزلەر بېسىلدى. لېكىن ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرى چايقىلىپ يەنىلا بېسىلمىغانىدى...

# 5

1934 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايىتى، ما خۇسەن باندىتلىرىنىڭ زۇلۇم ئوۋۇسىغا ئايلانغانىدى. ئىتنىڭ قورتىدەك كۆپلەپ كەتكەن بۇ باندىتلارنىڭ شەھەر ـ قىشلاق، يېزا ـ سەھرالارغىچە يامراپ ھېچكىمگە ئەمىنلىك بەرمىگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاتلىق ئەسكەر بولغانلىقتىن، يۇرت خەلقى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دېمەستىن ئۇلارغا ئوتۇن ـ سامان توشۇپ ئاۋارە ئىدى. باندىتلار بۇنىڭ-لىق بىلەن قانائەت تاپمايتتى، خەلققە كۆپلەپ ئالۋان ـ سەيسە سالاتتى. شەھەرلەر، يېزىلار ئۈستىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ يۇرگۇزۇپ ئالتۇن ـ كۇمۇش ئالاتتى. 1934 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ — تۆت يىل جەريانىدا داۋام قىلغان بۇلاڭچىلىق نەتىجىسىدە خوتەن خەلقى قورۇق سۆڭەككە ئايلانغانىدى. باندىتلار يەنە قانائەت قىلمايتتى. ئۇلار رەھىمسىز-لىكتە قاشقىر، ياۋۇزلۇقتا چىلبۆرە ئىدى. ئۇلار تېخىمۇ ياۋۇز ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئانچىكىم گۇمان قىلغان ئادەملەرنى قىيىن ـ قىستاققا ئالاتتى. تىرىك ئادەملەرنىڭ مورە ئومۇرتقىسىغا سىم ئۆتكۈزۈپ ئازابلىغاندىن تاشقى-رى ئاتقا سۆرىتىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەرنى قىلاتتى. يۇرتنى ئەنە شۇنداق ۋەھشىيەت قاپلىغان كۈنلەردە بىر كۈنى ما ليەنجاڭ باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم باندىتلار ھېۋىللائاخۇننىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ھېۋىللائاخۇننى باغلاپ قويىدى.

«ھېۋىللائاخۇننىڭ دادىسىدىن قالغان بىر قاپاق ئالتۇنى بار» دېگەن-نى ئاڭلىغاچقان ئاگلاپ بولغان ما ليەنجاڭ ئالدى بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىپ:

— ئالتۇن نەدە؟ قەيەرگە كۆمدۈڭ؟ چىرايلىقچە تاپشۇرساڭ ساڭا ھېچ ئىش يوق! — دەپ سوراپ كۆردى.

لېكىن بۇ سوئال ھېۋىللائاخۇنغا تاشتەك قاتتىق تېگەتتى. يوق دېسە ما ليەنجاڭ ئىشەنمەيدۇ، بار دەي دېسە مۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئۆزى

بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، خۇدانىڭ نالىسىنى قىلىپ «ئۇنداق نەرسە يوق!»
دەپ يالۋۇرۇپ كۆردى. ما ليەنجاڭ ئۇنداق سۆزلەرگە ئىشىنىپ قالغان-
لاردىن ئەمەس ئىدى. مۇنداق ئىشلارنى قانچە ئۇن قېتىم قولىدىن
ئۆتكۈزۈپ باغرى قارا تاشقا ئايلانغان بىر مەخلۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ قاتتىق
ۋارقىراپ:

— دا! (ئۇر) — دەپ ھۆكۈم چۈشۈرۈۋەتتى.

ئەسكەرلەردىن تۆتىسى چاس بېرىپ كېلىپ ھېۋىللائاخۇننى ئۇرۇشقا
باشلىدى. ئۇرغۇچىلاردىن بىرى تالسا، يەنە بىرى كېلىپ ئۇراتتى. دەسلە-
پىدە ھېۋىللائاخۇننىڭ بەدەنلىرىدىن ھۇررەك - ھۇررەك قىزىلار كۆتۈرۈل-
گەن بولسا، كېيىنچە قان چاچراپ چىقىشقا باشلىدى. دەسلەپتە ھېۋىللائا-
خۇن قامچىنىڭ زەھرىگە چىدىماي ناله - پەرياد قىلغان بولسا، كېيىنچە
ئاۋازى ئۆچۈپ بېشى ساڭگىلاپ ناله قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ما
لىيەنجاڭنىڭ ئاچچىقى يەنىلا بېسىلمىغانىدى.

— تاپشۇرمايدىغان بولساڭ، سەن ئوغرىنى ئاتقا سۆرىتىۋېتىد-
مەن!...، — دېدى.

ماليەنجاڭ شۇ كېچىسى ھېۋىللائاخۇننىڭ ھويلىسىدا بىر كېچە قونى-
ماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى مەھەللىدىن نەچچە قوي تېپىپ كېلىپ
سويۇپ كەچكى تاماققا تەييارلىق قىلدى. تاماق تەييار بولغۇچە ما لىيەنجاڭ
بىر ئۆينى راسلىتىپ بىر پەلله ئۇخلىۋالدى. تاماق تەييار بولغاندىلا ما
لىيەنجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى يۇيۇۋاتقان ئارىلىقتا:

— ئىتنىڭ بالىسى قانداق بولدى، ئېيتتىمۇ؟ — دەپ سوراپ
قويدى.

— تېخى ئۆلمىدى، ئەمما ھوشى يوق! — دېدى ئەسكەرلەردىن
بىرى.

— يەرگە چۈشۈرۈپ سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈڭلار! — دې-
دى - دە، ئۆزى ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى
بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغانىدى. ھېۋىللائاخۇن ئېسىلغان ھالەتتىن بوشىتىلىپ
يەرگە تاشلانغانلىقىنى، ئۇنىڭغا سۇ چېچىلغانلىقىنى زادىلا سەزمىگەنىدى.
پەقەت يېرىم كېچىدىن كېيىنلا بىرئاز ھوشىغا كەلگەندەك بولدى - دە،

ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى چۈشەنمەكچى بولدى. كۆزىنى ئاچاي دەپ ئاچالماي قالدى. ئازراق قىمىرلىغاندا بەدەن — باشلىرىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاندىن ئۇ بولغان ئىشلارنى ئەسلىدى.

ئاۋۋال ئاخشامدا بىر تۈركۈم ئەسكەرلەر كەلگەنلىكىنى ھويلىغا كىرىپلا ئۆزىنى باغلاپ ياغاچ شىخىغا ئېسىپ قويغانلىقىنى، ئاندىن قامچا بىلەن ساۋىغانلىقىنى غۇۋا ئېسىگە ئالالىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. شۇ ھالەتتە بەدەن — بېشىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ھالسىزلانغانلىقىنى چۈشىنىپ: «مۇنداق قىيىنغىچە چوماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپلا ئۆلتۈرىۋەتكىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېگەننى ئويلىدى. شۇنىڭ ئارقىدىنلا ئۆگەي ئىنىسى مەتتوختىئاخۇن ۋە ئۇنىڭ سەبىي چاغلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندەك بولدى... ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلار بولسا كېرەك: «ھەي دادا!... ھەي دادا!... ئالتۇن...» دەپ لەنەتلىك نەرە تارتماقچى، ياق ئىڭرىماقچى بولدى. لېكىن نەرسىنى كىشىلەر ئاڭلىغۇچىلىك ئاۋازدا تارتالىدىمۇ — يوقمۇ، بۇنى ھېچكىم ئاڭلىمىغاندى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سالاپەت

مۇسا شوپۇر ماشىنىغا چىقىپ، تۆگە چۆككەندەك لاسسىدە ئولتۇرۇۋىدى، ماشىنا غىرسىلاپ چايقىلىپ بىرھازادىن كېيىن ئاران ئەسلىگە كەلدى.

«بۇ شوپۇر بىر يىلغا يەتمەيلا ماشىنامنى كېرەكتىن چىقىرىپ تاشلىغۇدەك، قارىمامدىغان ئولتۇرۇشىنىڭ قوپاللىقىنى...»

ماشىنا غىرسىلاپ، چاقلار ماكچىيىپ كەتكەندەك بىلىنگەن چاغدا خۇددى چاقنىڭ ئاستىدا ئۆزى ئېزىلىپ كەتكەندەك يېقىمسىز تۇيغۇ ھېس قىلغان ئابلىز مۇدىر ئۆز شوپۇرى توغرىسىدا ئەنە شۇنداق ئويلىدى.

«بۇ شوپۇرغا يۈك ماشىنىسى ياكى كىرا ئاپتوبۇسى ياراشقۇدەك، كىچىك ماشىنىغا لايىق ئەمەس ئىكەن... چوقۇم يۆتكىۋېتىشىم كېرەك!»

ماشىنا ئايرودرومغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئابلىز مۇدىر ئويلىغانسېرى شوپۇرنىڭ قاملاشمىغان تەرەپلىرى خۇددى كەلكۈن توختىغاندىن كېيىن چوقچىيىپ چىقىپ قالغان كۆتەك يىلتىزلىرىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى:

«گەۋدىسىنىڭ زورلۇقى، غولىنىڭ كەڭلىكىگە قاراڭلار، نېمىدېگەن تەتۈر ئۇستىخان نېمە بۇ! ئەينەكنىڭ تەگدىن تولىسىنى توسىۋېلىپ كەينىدە ئولتۇرغان كىشىگە ئالدى تەرەپنىمۇ تۈزۈك كۆرسەتمەيدىكەن، ئېغىرلىقچۇ! شۇ تۇرقىدا كەم دېگەندە بىر يۈز يىگىرمە كىلوگرام كېلەر. قورسىقىمۇ ئالدىدىكى رولغا تاقىشىپ قاپتۇ. تېخى ئۇنىڭ سالاپىتىگە قاراڭلار، ھالىغا باقماي مەندىن پۇزۇرراق كىيىنىۋاپتۇ. كاستۇمنى يېڭى تىككۈزگەن بولسا كېرەك، چەمەن دوپپىسىمۇ يېڭىكەن، نەدىن تاپتىكىن،

بويىدىكى گالستۇكلىرىچۇ، خۇددى بىر نازىرغا ئوخشاش!... ئۇنى چوقۇم يۆتكىۋېتىشىم كېرەك.»

شوپۇر توغرىسىدا ئەلەملىك ئويغا پاتقان ئابلىز مۇدىر ئايرودرومغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالغانىدى. ماشىنا لامپۇچكا زاۋۇتىدىن ئۆتۈپ، يېڭى مەھەللىگە قاراپ بۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ئۇ بۈگۈنكى ئىشلار توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى.

«بۈگۈنكى ئايروپىلاندا نۇرغۇن ھاجىلار كېلىدۇ، ئەرەب ئەللىرىدىن كېلىدىغان چەت ئەللىك مېھمانلارمۇ بار. ئىشىم تازا ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغان بولدى ـ دە، ئۇلارنى قارشى ئېلىش، مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەممىسى مېنىڭ ئىشىم!...» ئۇ بۇ ھەقتە تېخى ئويلاپ ئۈلگۈرمەستىنلا ماشىنا ئايرودرومغا كىرىپ، ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن ئونلىغان ماشىنا قاتارىدا توختىدى. مۇدىر ماشىنىدىن چۈشۈپ ئىككى ياققا قارىماستىنلا ئالدىراپ ئايرودرومنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىغا قاراپ ماڭدى.

بۈگۈن ئايرودرومدا يېڭى تەرتىپ يولغا قويۇلغانلىقىنى كىم بىلسۇن!

ئەينەكلىك ئىشىك ئالدىدا ئىككى ئايال خىزمەتچى ئىشىك توسۇپ تۇراتتى. ئۇلار زالغا كىرمەكچى بولۇپ كەلگەنلەرگە: «بۈگۈن كېلىدىغان مېھمانلارنى قارشى ئېلىشقا چىقىدىغان ئادەم بەك كۆپ. ھەممە ئادەمنى كىرگۈزسەك زالغا سىغىشمايدۇ، شۇڭا چوڭ باشلىقلار كىرگۈزۈلىدۇ، باشقىلار ھويلىدا قارشى ئالسىمۇ بولىدۇ، يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى شۇنداق» دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

ئىشىك توسۇغۇچىلار ئابلىز مۇدىرنىڭ تەقى ـ تۇرقى، كىيىمى، دوپپىسى قاتارلىقلارغا قاراپ گۇمانلاندىمۇ نېمە ئۇنى زال ئىچىگە كىرگۈزمىدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قېتىپلا قالدى. ئىشىك توسۇغۇچىلارنىڭ نېمە كارى، ئۇلار تونۇمىنى ئىجرا قىلغۇچى ـ دە! بىراق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مىللىي باشلىقلارنىڭ تولىسى سېمىز، گەۋدىلىك كېلىدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرى ئالاھىدە، پاكىز، يېڭى چىمەن دوپپىلىق بولىدۇ، دەيدىغان تونۇش بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئابلىز مۇدىرنىڭ ۋىجىك بوي ـ تۇرقى بىلەن ئورۇق ياداڭغۇ چىرايىغا قاراپ ئۇنى توسۇۋالدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابلىز مۇدىرنىڭ بېشىدىكى چىمەن دوپپىسىمۇ سەل ـ پەل كونىراپ قالغانىدى. ئوبدان دەزماللانمىغان تۆت يانچۇقلۇق سارجا چاپىنىمۇ ئۇنىڭ سالاپىتىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ تۇراتتى. ئىشىك تۇسۇغۇچ ـ لار چۈشەنچە بەرگەندىن تاشقىرى يامىنىغا ئالسا مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋې ـ تىشتىنمۇ يانمايدىغان ئەلپازدا تۇراتتى.

— مەن دېگەن... مۇدىر، — دېدى ئاخىر ئۇ ئاچچىقى بىلەن.

— خىزمەت كىنىشكىڭىزنى چىقىرىڭ!

مېنى ھەممە ئۇرۇن، ھەممە ئادەم تونۇيدۇ، دەپ يۈرىدىغان مۇدىر خىزمەت كىنىشكىسىنى يانچۇقىغا سېلىپ يۈرەتتىمۇ؟!

— خىزمەت كىنىشكىڭىز ئۆيدە قالغان بولسا، ئىشخانىغا كىرىپ رەسمىيەت ئۆتەپ چىقىڭ. خاپا بولماڭ، بىز ۋەزىپە ئورۇنداشنىلا بىلىمىز، — ئىشىكتىكىلەر كۈلۈپ تۇرۇپ شۇ گەپلەرنى قىلدى ـ دە، قولى بىلەن ئىشخانا تەرەپنى كۆرسىتىپ قويدى.

ھودۇقۇپ قالغان ئابلىز مۇدىر ئاستا چېكىندى. بۈگۈنكى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش مېنىڭ ۋەزىپەم تۇرسا، چاتاق بولدىغۇ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

— قايتىپ كەلدىڭىزغۇ، نېمە بولدى؟ — چىرايى قارا بولۇپ تۇتۇلۇپ، خاپا ھالدا قايتىپ كەلگەن باشلىقنى كۆرگەن شوپۇر ھەيران بولۇپ سورىدى. مۇدىر دەرھال جاۋاب بەرمىدى. «ئىشىكتىن كىرگۈزمە ـ دى» دېگەن سۆز ئاغزىغا پاتمايۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ سۆزنى ئۇ قانداقمۇ ئاغزىدىن چىقارسۇن! بولۇپمۇ شوپۇر ئالدىدا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىش ئۇيات ئىش ـ دە!

— سىلىنى كىرگۈزمىدىما!... ئۇنداق قىلسا بولامدىكەن، مېھمان ـ لارنى كىم كۈتۈۋالىدۇ؟

شوپۇرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

— غەرەز ئۇقمايدىغان دىتى يوق نېمىلەر ئىكەن! — دېدى ئۇ ئاچچىق ئەلەم بىلەن، شوپۇر ئەھۋالنى چۈشەندى.

— قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، سىلىنى كىرگۈزمەي كىمنى كىرگۈز ـ

مەكچىكەن، يۇرسلە، مەن سۆزلىشىپ باقاي! — دېدى ئىشەنچ بىلەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى. مۇدىر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، چىرايىدىن شوپۇرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئىشەنمەيۋاتامىلا، يۇرسلە!

— ئىشەنمىگەن گەپ ئەمەس، سەت ئەمەسمۇ! — دېدى مۇدىر ئۆپكىدەك قىزىرىپ. ئۇ گەپنى ئۇنداق قىلغان بىلەن كۆڭلىدە: مېنىڭ سۆزۈم ئۆتمىگەن يەردە سەندەك شوپۇرنىڭ سۆزى ئۆتەمدۇ، ساڭا ئەگىشىپ بېرىپ سەتلىشىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى، دەپ ئويلايتتى.

— بۇ يەردە سەت - چىرايلىق دەيدىغان گەپ يوق، يۇرسلە! — دېدى شوپۇر باشلىقىغا، لېكىن باشلىقىنىڭ ئارسالدى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — ئىشەنمەيۋاتىلا - ھە، مەيلى، ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، سىلى مۇشۇ يەردە قاراپ تۇرسىلا، مەن زالغا كىرىپ ئاندىن سىلىنى چاقىرىمەن. ئۇ چاغدا سىلى ئىككى يانغا قاراپ تەمتىرەپ تۇرماستىنلا ئالدىمغا كەلسىلە بولامدۇ؟

شوپۇر توپتوغرا زال تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ، ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇ مۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ سالاپىتى، تومپايغان قورسىقىنى دەسمايە قىلىپ، چوڭ - چوڭ مۇراسىم زاللىرىغا، بېلەتسىز كىرگىلى بولمايدىغان تەنتەربىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇسابىقە مەيدانلىرىغا بىمالال كىرىپ كەتكەندى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىممۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئىشىك توسۇغۇچىلار سالاپەتلىك بىر كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىنلا كۆرۈپ، ئولتۇرغان ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ ئۆزلىرىنى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈپ، ئېھتىرام بىلەن راۋۇرۇس تۇرۇشتى. ئۇلار ئالچاڭشىپ دەسسەپ كېلىۋاتقان «ئەرباب» نىڭ قەددى - قامىتى، كىيىم - كېچىكى، چىمەن دوپپىسى، گالستۇكى، تومپىيىپ چىققان قورسىقىغىچە ھەۋەس بىلەن نەزەر سالاتتى. ئىشىكتىكىلەرنىڭ بىرى زال ئىشىكىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ ھۆرمەت كۆرسەتتى. يەنە بىرى بولسا «مەرھەمەت» دېگەندەك قولى بىلەن

كىرىش يولىنى كۆرسىتىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئۇلگۇردى.

ھايال ئۆتمەي بۇ «ئەرباب» زال ئىشىكىدە يەنە پەيدا بولدى. ئۇ بۇ قېتىم تېخىمۇ كېرىلگەن ۋە غادىيىۋالغانىدى. ئۇ قولىنى ئارقىسىغا تۇتقان پېتى ئىشىكتىن چىقىپ ئۇيان ـ بۇيانغا بويىنىنى سوزۇپ قاراپ، باشلىقنى ئۇنلۇك چاقىردى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مۇدىر پىكاپلار ئارىسىدىن چىقىپ ئىشىككە كەلدى. «ئەرباب» ئۇنى ئەيىبلىگەن قىياپەتتە:

ــــ سىز مۇدىر تۇرۇپ نېمىشقا زالغا كىرمىدىڭىز، سىز بولمىسىڭىز مېھمانلارنى كىم قارشى ئالىدۇ؟ بېجىرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار تۇرۇپتۇ، چاپسان بولۇڭ، ئايروپىلان كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى!...، ــــ دېدى ۋە ئابلىز مۇدىرنى باشلاپ زال ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

# جاھىل كەمپىر

— «دۇنيادا قورقۇش توغرا كەلسە، ئەسەيدۇلدىن قورقۇش كېرەك».

— ئاغزىڭنى يۇم جاھىل، ئېشەكتىنمۇ جاھىل نورسىكەنسەن! — دېدى يىغىن باشقۇرغۇچى قاتتىق ۋارقىراپ، — ئەسەيدۇل ئاپاڭنىڭ ئېرىمۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن قورقىسەن؟ ئەسەيدۇلدىن ئەمەس، «ئەستايىدىلللىقتىن» قورقۇش كېرەك. ئالدىرىماي قايتا ئوقۇ، «دۇنيادا قورقۇش توغرا كەلسە ئەستايىدىلللىقتىن قورقۇش كېرەك»، ياخشىلاپ ئوقۇ، ئەگەر بۇ قېتىم توغرا ئوقۇمايدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن! ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرغان كەمپىر چىرايلىرى سارغايغان، لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ ياخشىلاپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يىغىن زالىدا ئولتۇرغان يۈزلىگەن ئادەم بۇ كەمپىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرماقتا. تىترىگەن كەمپىر ئوقۇشقا باشلىدى:

— دۇنيادا قورقۇش توغرا كەلسە ئە... ئە... سەيدۇلدىن قورقۇش كېرەك.

— ئاغزىغا ئۇرۇڭلار، بۇ جاھىلنىڭ..

يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ ئاغزىدىن «ئۇرۇڭلار» سۆزى چىقىش بىلەن تەڭ، مىلتىقنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ چىققان بىرنەچچە ئاكتىپ كەمپىرنى ئۇرۇشقا باشلىدى. يىغىن ئەھلى بويۇنلىرىنى ئۆردەكتەك سوزۇپ قانداق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆلگۈرمەيلا كەمپىر ئايال يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئاكتىپلار ئاجىز كەمپىرنى شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ بىقىنلىرىغا تۈرتۈپ بىرنەچچنى تەپكىلەپلا يىقىتىپ تاشلىغاندى.

كەمپرنىڭ ئۇششاق نەۋرىلرىدن برنەچچسى قىيا ــ چىيا قىلد-
شىپ كىلىپ، كەمپرنى چۆرىدەپ ئىسلىشىپ سۆرەشتۈرۈپ يىغىن زالى-
دىن ئىلىپ چىقىپ كەتتى. مۇنداق ۋاقتتا ئۇششاق نەۋرىلەر يىغلاپ
كەلمىسە، چوڭلار كىلىپ غەمخورلۇق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
يىغىن باشقۇرغۇچى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، زالدا ئۇپۇر ـ توپۇر
بولۇشۇۋاتقان ئەزالارنى تىنچلاندۇرغاندىن كىيىن برمۇنچە سۆز قىلد-
دى... ھەممە ئادەم «... ئۆزۈڭلەر» نى تولۇق ياد ئىلىش، توغرا ئوقۇش
توغرىسىدا تاپشۇرۇق بەردى ۋە جاھىل كەمپردەك كاجلىق قىلماسلىقنى
ئاگاھلاندۇرۇپ... بۈگۈن ئاخشامقى يىغىننى غەلبىلىك ئاخىرلاشتۇردى.
كەمپىر ئۆيىگە كەلگەندىلا، «ئۇھ» دەپ ئۇزۇن تىن تارتقاندىن
كىيىن ھوشىغا كىلىپ كۆزىنى ئاچتى. كەمپىرنىڭ بالىلىرى ۋە برمۇنچە
نەۋرىلىرى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ يىغىندا تاياق يىگەن ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ
قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. بىرى ئۇسسۇلۇق ئىچەمسەن؟ دىسە، يەنە بى-
رى بىر يىرىڭ بەك ئاغرىمىغاندۇ؟ دەپ ھال سورايتتى. ئارىدىن بىرى
نەسىھەت قىلىپ:
ـــ ئانا، نىمشقا توغرا ئوقۇمايسەن! ئەسەيدۇل ـ ئەسەيدۇل
دىگەننىڭ ئورنىغا «ئەستايىدىل» دىسەڭلا بولماسمىدى، تاياقنمۇ يىمگەن
بولاتتىڭ! ـــ دىدى.
كەمپىر نەۋرىلىرىنى كۆزىگە ئىلمىغاندەك، ئۇلارنىڭ نەسىھەت سۆز-
لىرىگە بوينىنى تولغاپ:
ـــ سىلەر نىمىنى بىلىسىلەر! ئەسەيدۇل بىزنىڭ دۈيجاڭ تۇرسا،
ئۇنىڭدىن قورقماي كىمدىن قورقاتتىم! ـــ دىدى ئۇ غوڭشىپ.
كەمپىرنىڭ نەۋرىلىرى بۇ توغرىدا ئانىسىدىن نارازى ئىدى. «بۇ
ئانام گەپ ئاڭلىمايدۇ، جاھىل» دىيىشەتتى ـ دە، بىسىلىپ قالاتتى.
كەمپىرنىڭ جاھىللىقى توغرىسىدا مەھەللىدىكىلەرمۇ بەزىدە شىكايەت قىلد-
شىپ كىتەتتى:
ـــ بۇ ئايالنىڭ بەزەن ئىشلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ـــ
دىدى بىر بوۋاي كىۋەز چۆلەۋاتقان خەقلەرگە قاراپ، ـــ بۇ ئايال



www.uyghurkitap.com

مەھەللىمىزگە كەلگىلى ئەللىك يىلدىن ئاشتى. مۇشۇ كىچىككىنە بەسەي دېگەن سۆزنى بىر قېتىممۇ ئاغزىغا ئالغىنى يوق. ھەممە ئادەم بەسەي دېسە، بۇ ئايال «يېسى بىلەك» دەيدۇ. سەي قورۇيمەن دېگەننى «كۆك قورۇيمەن» دەيدۇ. دوبازا، جىڭموما دېگەننى «ھورلۇق نان»، «جىمبىل نېنى» دەپ كەلدى. بۇمۇ بىر جاھىللىق. ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا تاياق يېسىمۇ «ئەستايىدىل» دېمەي «ئەسەيدۇل» دېگىنى.

— ئەسەيدۇل دېگەن دىيجاك، شۇڭا ئەسەيدۇل دىيجاڭدىن قورقۇش كېرەك دېگىنى، — دېدى بىرى تولۇقلاپ.

— بۇ ئايالنىڭ يەنە بىر گېپى بار، — دېدى بوۋاينىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بىرى، — ھېلىقى «خاجياۋ» نىچۇ ھەممە ئادەم خاجياۋ دېسە، بۇ ئايال «قارنى يورۇق» دەيدۇ. بىز شۇنچە يىل قوشنا ئولتۇرۇپ بىر قېتىممۇ خاجياۋ دېگىنىنى ئاڭلىغىنىمىز يوق...

جاھىل كەمپىرنىڭ شىكايىتىنى قىلىشقانلار نېمىچۈندۇر كۆلۈمسىرىشىپ جىم بولۇشتى.

— بۇ ئايالمنىڭ بەزەن ئىشلىرى خېلى قىزىق، — دېدى كېۋەز چۆيلەۋاتقان چوڭ ياشلىق بىر ئايال، — بۇ ئايالم قانداقلا بىرنېمىگە ئوڭايلا، ئەپچىل ئات قويىۋالىدۇ. بىر يىلى يۇقىرىقى مەھەللىدىكى تۇردىخانلار ئارىشاڭغا كېتىۋىدى، يېنىشىدا ئۈرۈمچىدىن بىر دانە تېرموس سېتىۋېلىپ كەپتۇ. ئۇ چاغلاردا تېرموس دېگەن بىزنىڭ مەھەللىلەردە تېخى يوق ئىدى. قولۇم ــ قوشنىلار توپلىشىپ تۇردىخاننى تىنچ كەپسەن دېگەچ تېرموس دېگەن بىرنېمىنى كۆرۈپ چىقايلى دەپ كىردۇق. تۇردىخان بىزگە ئۈرۈمچىنىڭ قىزىق گەپلىرىنى، دۇكانلىرىنىڭ كاتتىلىقىنى سۆزلەپ بولۇپ تېرموسنى كۆرسەتتى، قايناق سۇ قاچىلاپ قويسا ئىككى كېچە ــ كۈندۈز ئىسسىق تۇرىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. ھەرقايسىمىز تېرموسنى قوللىرىمىزغا ئاتايىن ئېلىپ، ئۆرۈپ ــ چۆرۈپ كۆرۈپ ھەيران بولدۇق. جاھىل ئايالمۇ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ، ياخشى بىرنېمىكەن، ئىچىگە توشقۇچە قايناق سۇ قاچىلاپ قويسىمۇ، تېشىغا قىزىقى تەپمەيدىكەن، بۇنى جاپا تارتىپ «تومۇس» دەپ يۈرگىچە «تەرلىمەس» دېسەكلا بولغۇدەك! — دېدى.

ھەممىمىز بۇ گەپكە كۈلۈشتۇق. پارتىيىنىڭ دۆلىتىدە ھازىر ھەممىسى ئۆيدە بىر ئەمەس، بىرنەچچىدىن تېرموس بار بولۇپ كەتتى. ھەممە ئادەم تېرموس، تېرموس دەپ ئاتايدۇ. ئەمما بۇ ئايىلام باشتىن تارتىپ ھازىرغىچە «تەرلىمەس» دەپ كەلدى. ھەتتا نەۋرىلىرىگىمۇ شۇنداق ئۆگىتىدۇ!..

— بۇ ئايىلامنىڭ يەنە بىر قىزىق گېپى يادىمغا كەلدى، — دېدى بىرى سۆزگە قوشۇلۇپ، — «گاسىلىك» قاچقان يىلى، بىر ئەتىيازلىقى ئىدى. خەقلەردىن سورىسام 1934 ــ يىلى ئەتىيازدا «گاسىلىك» قاچقان دەيدۇ. شۇ كەمدە ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئايروپىلان كېلىپ ئۇلارنى قوغلىدى. ئايروپىلاندىن بومبا تاشلىدى، تولىراق پىلىموت قويدى. شۇ ۋاقىتتا ئايروپىلان دېگەننى بىرىنچى قېتىم ئاسماندا كۆردۇق. قارىساق غارقىراپ ئۇچىدىكەن، بۇ بىزگە يېڭىلىق ئىدى. ئۇ چاغدا ئۆيلىرىمىزنى تاشلاپ كارىز بېشىغا قېچىپ بېرىۋالغانىدۇق. جاھىل ئايىلامۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. ھەممىمىز تۇنجى قېتىم كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئايروپىلاننى بەزەنلىرىمىز «ھاۋا پەرقۇت» دېدۇق، بەزەنلىرى «فى تىڭ» دېدى. جاھىل كەمپىر بولسا بالىلىرىغا ۋارقىراپ، بېشىڭلارنى پەس قىلىڭلار «ئۇچقا» كېلىۋاتىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كارىز بېشىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئايروپىلان كەلسىلا «ئۇچقا» كەلدى دەيدىغان بولدۇق. كېيىنكى يىللاردا ئايروپىلان كۆپىيىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. چوڭىدىن ــ كىچىك ھەممە ئادەم ئايروپىلان دەيدىغان بولدى. لېكىن بۇ ئايىلام بىر قېتىممۇ ئايروپىلان دېگىنى يوق. ئۆزى قويۇۋالغان بويىچە «ئۇچقا» دەپ كېلىۋاتىدۇ.

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان نەۋرىسى ئانىسىنى «سارالڭ، ھېچنېمىگە تىلى كەلمەيدۇ» دەپ ئۆزىچە نەسىھەت قىلىپ:

— ئانا، ھەممە ئادەم ئايروپىلان دېسە، سەن «ئۇچقا» دەيسەن، بىزنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىمىزدىمۇ «ئايروپىلان» دەپ يېزىلغان، مانا سۈرىتى، ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭ كۆرۈۋال دېسە، جاھىل ئايىلام يەنىلا پىسەنت قىلماپتۇ.

— ئۇچۇۋاتقان نېمىنى «ئۇچقا» دېمەي نېمە دەيدۇ، — دەپتۇ موماي بوي بەرمەستىن، — «ئارپالاڭ» دېگەن نېمە ئۇ؟ يا ئادەمنىڭ

تىلى كەلمىسە، يا ئۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بىلمىسە، ئۇنداق جاپا تارتىپ يۈرگىنىڭلاردىن ماڭا ئوخشاش «ئۇچقا» دېسەڭلار ئاسان ئەمەسمۇ؟ ئەپەندىڭلارغا ئېيتىڭلار «ئايروپىلان» دېگەننى «ئۇچقا» دەپ تۈزەپ قويسۇن.

«جاھىل كەمپىر» ئۆزۈندە ياد ئېلىش دولقۇنلىرىدا «ئەستايىدىل» سۆزىنى مىڭ قېتىم ئۆگەتسىمۇ «ئەسەيدۈل» دەپ تولا تاياق يېدى. ھەتتا بىر مەزگىل «ئۇنسۇر» مۇ بولدى. «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمغا» دېگەندەك، ئۆزۈندىلەرنى ھەممە ئادەمگە ياد ئالدۇرۇش ياكى دولقۇننى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە توغرا كەلگەندە مۇشۇ ئايالنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ، دۈشكەلەپ ئۇرۇپ ـ سوقۇپ خەلققە تۈرتكىلىك قىلدى. جاھىل كەمپىرمۇ جاھىللىق قىلىپ: «نەدىكى يوق ئەستايىدىلدىن قورقىمەن دېگۈچە، مەجلىس باشقۇرۇۋاتقان ئەسەيدۈل دۈيجاڭدىن قورقسام بولدى» دەپ ئەستايىدىل سۆزىنى مۇتلەق ئاغزىغا ئالمىدى. بۇ سەۋەبتىن ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى تارتقان بۇ ئايال ئاجىزلاپ ئاخىر ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ تۈگەشتى. ئۇنىڭ پەقەتلا «جاھىل» دەيدىغان نامى قالدى.

«جاھىل كەمپىر» ياشىغان مەھەللىدە خەقلەر توپلىشىپ ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى پاراڭلاشقاندا، گاھىدا، ئاشۇ ئايالنىڭ گېپى چىقىپ قالىدۇ. بەزەنلەر بۇ پاراڭنى تىزىپ خېلى ئەپلىك سۆزلەپ كىشىنى كۈلدۈرىدۇ. مەنمۇ بۇ پاراڭغا بىرقانچە قېتىم داخىل بولدۇم. تىڭشاپ كۆرسەم خېلى تەمى بار. مەندىن باشقا ئاڭلىغۇچىلارنىڭمۇ خېلى قىزىقسىنىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇڭا «جاھىل كەمپىر» نىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ھېكايە تەرىقىسىدە رەسمىي خاتىرىلەپ قويغۇم كەلدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «تۇغقان»

ھەنپەنىڭ ئۆيىگە قولىدا سومكا كۆتۈرۈپ، گىلەم قولتۇقلىغان بىر مېھمان كىرىپ كەلدى.

بېشىغا تار قاما تۇتۇلغان سەللە تۇمىقى كىيگەن، چاچ ـ ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان، ئىككى مەڭزىدىن قىپقىزىل قان تەپچىپ تۇرىدىغان بۇ مېھماننىڭ سىپايە كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭ مەخسۇمزادە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇ مېھمان ئۆيگە سالام بىلەن كىرىپ، قولتۇقىدىكى گىلەم بىلەن قولىدىكى سومكىنى كارىۋات يېنىغا قويۇپلا تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن قىرائەت ئوقۇدى. ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن:

— مېنى بەلكى تونۇمايلا. بىز خېلىلا يېقىن تۇغقان كېلىمىز، — دەپ سۆز باشلىدى مېھمان ئوچۇق تەلەپپۇز بىلەن، — بەلكى ئۆزلىرىنىڭمۇ خەۋىرى بولۇشى كېرەك، ئاشۇ يىللىرى دادىلىرى ئوسمانقارى بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ قالغاندا مېنىڭ ئاپامنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانىكەن. بىر ـ ئىككى يىل ئۆي تۇتۇشقاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي دېگەن جاللات ئۇ دادىمىزنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولاپتۇ. دادىمىز كېيىن تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ! مەن ئۇ چاغدا تۆت ياش ئىكەنمەن! دادىمىز مېنى ئۆز بالىسىدەكمۇ ئەزىز كۆرۈپ «بالام» دەپ كۆكسىگە ئالغانىكەن. شۇ چاغدا دادىمىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانلىقتىن تا مۇشۇ كۈنلەرگىچە ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. دادىمىز شۇ چاغدا ئاپامغا: «ئۈرۈمچىدە ھەنپەم، لەتىپەم دەيدىغان بىر جۈپ قىزىم بار. بۇ بالىنى ئاشۇ قىزلىرىمغا جورا قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلىمەن...» دېگەن گەپلەرنى قىلغانىكەن. ئاپام رەھمەتلىك: «ئۈرۈمچىدە ئىككى ئاچاڭ بار، قاچان بولمىسۇن ئىزدەپ

تېپىپ يوقلىغىن» دەپ دائىم قولىقىمغا قۇياتتى. ئاپام سەكراتقا چۈشكەندە-مۇ ئاتايىن ۋەسىيەت قىلغانىدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسىلىرىنى تولا دېرەكلىدىم، ھەرقايسىلىرىنىڭ ھاياتلىقلىرىنى بىلىپ كېلەي دېسەم، نەچچە يىللاردىن ئىرادە بولمىدى، كېلەلمىدىم. بۇ يىل، مانا خۇ-دايىم ئىرادە قىپتۇ!...

ھەنىپە ئاتىسى ئوسمانقارىنىڭ بىر يىللىرى ئالتە شەھەر تەرەپكە بېرىپ ×× شەھەردە مەرەمخان ئىسىملىك ئايالنى ئالغانلىقى، بەزىدە ئۆزىنىڭ «ئاتام ئالتەشەھەردە ئالغان ئايال قانداقراق ئايالكىن، بىر كۆرگەن بولسام» دەپ ئارزۇ قىلغانلىقىنى شۇئانلا ئېسىگە ئالدى. مانا بۈگۈن ئەنە شۇ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئوغلى ئۇنى ئاتايىن يوقلاپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى پىللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ، دەرۇلا ئوچاققا ئوت يېقىپ چاي راسلىدى. داستىخان سېلىپ چاي قۇيغاندىن كېيىن، تاماق ئېتىپ مېھمان قىلدى. داستىخان يىغىلىش ئالدىدا مېھمان گىلەمنى ھەنىپەنىڭ ئالدىغا قويدى ــ دە:

ــ تۈزۈكرەك بىر ئىش قىلارمەن دېۋىدىم، ئۈلگۈرەلمىدىم، ئاز كۆرمەي مۇشۇ گىلەمنى سوۋغام ئورنىدا قوبۇل قىلسىلا، ــ دېدى.

ــ بەكلا كايىپسىز، بۇمۇ لازىم ئەمەستى، دىدارلاشقىنىمىز ھەممى-دىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى ھەنىپە.

ئۇلار خۇددى بىر ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاكا ــ ئۇكىدەك كۆڭۈللۈك ۋە ئوچۇق ــ يورۇق مۇڭداشتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋۇجۇدى-دا تۇغقانچىلىقنىڭ يېقىنلىق بىر مېھربانلىق تۇيغۇلىرى پەيدا بولدى.

بولۇپمۇ ھەنىپەمنىڭ نەزىرىدە بۇ ئادەمنىڭ شۇنچە يىراق جايدىن تۇغقان ئىزدەپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گىلەم سوۋغا قىلغانلىقى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر ئۆينى ئاجرىتىپ تۇغقىنىغا ئۇگچە بەرگەندىن تاشقىرى، پۈتۈن كۈچى بىلەن مېھمان قىلىشقا باشلى-دى. ھەر ئەتىسى كىلولاپ سۈت ئالغاندىن تاشقىرى يەنە ھالۋا بىلەن ناشتا قىلدۇردى. چۈشلۈكى مانتا، پولۇ، چۆچۈرە، لەڭمەن، قورداق قاتارلىق تاماقلار بىلەن غىزالاندۇردى. ھەممە جەھەتتىن ئىززەت ــ ھۆر-

مەت كۆرستىپ توغقىنىنى رازى قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلدى.

مېھمان ھەر قېتىم بازارغا ماڭغاندا ھەنىپە ئۇنىڭغا:

— كىچىكمەڭ، چۈشتە قايتىپ كېلىڭ، تاماق ئېتىپ قوي- مەن، — دەپ جېكىپ تۇراتتى.

مېھمانمۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراپ خاتىرجەم بولۇپ ناشتىدىن كېيىن بىر قېتىم بازارغا چىقاتتى، چۈشتە قايتىپ كېلىپ تاماق يېگەندىن كېيىن، ئارام ئېلىپ خۇشياقسا يەنە بازارغا چىقاتتى. خۇشياقمىسا ئارام ئېلىپ ياتاتتى.

قولۇم ـ قوشنىلار، ھەنىپەنىڭ توغقىنى كەپتۇ؛ سوۋغاتلىققا بىر دانە گىلەم ئەكەپتۇ، دەپ يوقلاپ كىرىشكە باشلىدى. قوشنىلار تۆت گەزلىك ئوتقاشتەك چاقناپ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان گىلەمنى كۆرۈشكەندە ئىنتا- يىن خۇشال بولۇشتى ۋە ھەيران قېلىشتى، بۇ ھەقتە بىرقانچە كۈنگىچە غۇلغۇلا قىلىشىپ، ھەنىپەنىڭ توغقىنىغا ھۆرمەت كۆرستىشتى. بەزەنلىرى ئاتايىن غىزا قىلىپ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى.

بىر كۈنى مېھمان بازارغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتە بىرنەچچە قوشنا ئاياللار ھەنىپەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ گىلەمنى كۆرۈپ بىرمۇنچە پاراڭلاشتى:

— توغقان دېگەن مانا مۇنداق بولسا، — دەپ سۆز باشلىدى ئاراتام قوشنا زىياخان، — توغقىنىم دېگەنگە يارىشا بىر دانە گىلەم سوۋغات ئەكېلىپتۇ.

— چىرايلىق توقۇلغانىكەن. بازارغا ئېلىپ چىقسا گەپ قىلماستىن ئىككى يۈز كويغا ئېلىپ كېتەر، — دېدى يەنە بىر قوشنا ھاۋاخان گىلەمگە باھا قويۇپ.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، بۇ گىلەمنى قارىغۇغا بەرسىمۇ ئىككى يۈز ئەللىك كويغا ئېلىپ كېتىدۇ، — دېدى ئۈچىنچى قوشنا.

ھەنىپە قوشنىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانچە ئىچىدە توغقىنىدىن ئىنت- تايىن رازى ۋە مەمنۇن بولاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، شۇنچە يىراق جايلاردىن ئاتايىن ئىزدەپ كەلگەنلىكى، شۇنىڭدەك سوۋغاتلىققا گىلەم ئەكەلگەنلىكى ھەنىپەنىڭ يۈزىنى ئايدەك چوڭايتىپ، ئابرۇيىنى تاغدەك

ئۆستۈرۈۋەتكەنىدى.
— مەنمۇ مۇشۇنداق تۇغقىنىمنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم، — دېدى ھەنىپە خۇشال ھالدا، — بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم. مانا ئەمدى ئۆزى ئىزدەپ كەپتۇ.
— بۇ تۇغقانلىرى يارايدىكەن، تۇغقىنىم دېگۈچىلىكى بار ئىكەن، — دېدى زىياخان، — بەزەن خەقنىڭ تۇغقانلىرى يوقلاپ كەلدۇق، دەپ ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا كېلىپ سەككىز — ئون كۈنلەپ مېھمان بولۇپ كېتىدۇ. بەزەنلىرى ئىككى — تۆت تال قاق - جىگدە بىلەن كېلىپمۇ ھەپتە — ئون كۈن بىسەرەمجان قىلىدۇ. ئۇنداقلارغا سىلىشتۇرغاندا بۇ تۇغقانلىرى تۇغقانچىلىقنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، قائىدە - يوسۇننىمۇ بىلىدىغان ئوبدان تۇغقانىكەن. مۇنداق تۇغقاننى ھەر كۈنى ھالۋا بىلەن ناشتا قىلدۇرۇپ، مانتا، پولۇ بىلەن مېھمان قىلىپ، ئايلاپ باقسىمۇ كىشىنىڭ قورسىقى ئاغرىمايدۇ.
— بۇ تۇغقانلىرىنى راۋۇرۇس ئۇزاتسىلا، — دېدى ھاۋاخان سۆزگە قوشۇلۇپ، — بۇ تۇغقانلىرى سىلىنىڭ ئابرۇيلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈۋەتتى، سىلىمۇ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق قىلسىلا!
— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى ھەنىپە ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ئاھاڭدا، — ئۆيدىكى ئاياغلىق ماشىنىنى باش قىلىپ يوللۇق تۇتسام. ئاندىن يەڭگە ئاچىمىزغا بىر كۆڭلەكلىك شىپۇن دۇخاۋا، ئىككى قىزىغا ئىككى نىلون چاپان، ئوغلىغا بىر دانە خۇرۇم ئاياغ ئېلىپ ئەۋەتسەم قانداق بولار دەپ ئويلاۋاتىمەن، قانداق بولارمۇ؟
— بولىدۇ، ھېلىمۇ گىلەمدىن جىق نەرسە بەرگۈدەكلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارمانسىز مېھمان قىلىۋاللا.
— مەنمۇ بوپتۇ دەۋاتىمەن. شۇنچە يىراقتىن ئىزدەپ كەپتۇ. مەيلى ئەمەسمۇ!؟ — دېدى ھەنىپە كۆڭلى - كۆكسىنى ئوچۇق كۆرستىپ.
— ياخشى ئويلاپلا، پۇل تېپىلىدۇ، تۇغقان تېپىلمايدۇ!...، — دېيىشتى قوشنىلار.
مېھمان كېلىپ تولۇق بىر ھەپتە بولغاندا پات ئارىدا قايتىپ كېتىدى-

www.uyghurkitap.com

غانلىقىدىن بېشارەت قىلدى. ھەنپەم ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئالدى-راپ ئۆزىنىش تەييارلىقى كۆرۈشكە باشلىدى. ئىدارىسىدىن بىرئاز پۇل قەرز ئالدى. يەتمىگەن يېرىگە قولۇم - قوشنىلاردىن قەرز ئېلىپ يوللۇق تۇتىدىغان بۇيۇملارنى بىر - بىرلەپ سېتىۋېلىپ جەملەشكە كىرىشتى.

بىر كۈنى مېھمان بازاردىن قايتىپ كىرىپ تاماق ئۈستىدە:

— ئالدىمىزدىكى پەيشەنبە كۈنى كېتەي دەۋاتىمەن، — دېدى.

— نېمانچە ئالدىرايسىز، ئۇزاقراق تۇرسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى ھەنپە تۇغقىنىنىڭ كەتمەكچى بولغىنىغا كۆزى قىيمىغاندەك قىلىپ.

— تۇرسامغۇ بولاتتى. ئۆيدە بىرمۇنچە ئىشلار ماڭا قاراشلىق تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بولمىسام ئۇ ئىشلار...

— مەيلى ئەمەسمۇ، ئۇرۇمچىگە كەلمەك ئاسان ئەمەس.

— ھېلىمۇ كۆپ رەھمەت، جىق بىسەرەمجان قىلدىم.

— بىسەرەمجان دېگەن گەپنى قىلماڭ، قانچە ئۇزۇن تۇرسىڭىز شۇنچە ياخشى!

ھەنپە شۇنىڭدىن كېيىن جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، ئۆزىنىش زىياپىتى بەردى. زىياپەتكە قوشنىلاردىن ھاۋاخان بىلەن يولدىشى قادىر، زىباخان بىلەن يولدىشى ياسىن قاتارلىق ئونغا يېقىن كىشىنى چاقىردى. بۇ قېتىمقى زىياپەتنى ئۇرۇمچى قائىدىسى بويىچە قەنت - ناۋات، ھەسەل، مۇراببا، پېچىنە، بەلىش، نان - توقاچ، ھەر خىل مېغىز، كەمپۈتلەرنى تەلتۆكۈس تىزىپ چاي قويدى. ئاندىن قازان كاۋپى قورۇپ يېگۈزدى؛ مېھمانلار بەھۇزۇر يەپ - ئىچىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى، ئەڭ ئاخىردا سېمىز گۆش بېسىپ ئوخشىتىپ ئېتىلگەن كۈرۈچ ئاش تارتىپ زىياپەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

ھەنپە چارشەنبە چۈشلۈكى تاماقتىن كېيىن سوۋغا ئۈچۈن تەييارلىغان نەرسىلىرىنى مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى - دە:

— ئۇرۇق - تۇغقانلارغا نېمىلەرنىڭ كېرەكلىكىنى بىلمىگەچكە، كۆڭلۈمنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا ئانچە - مۇنچە ئەرزىمەس نەرسىلەرنى تەييارلىۋىدىم، كۆرۈپ باقسىڭىز. بىز ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن تۇغقانغۇ؟

خىجىل بولماڭ، كەم نەرسىلەرنى مەن يەنە كەچكىچە تەييارلايمەن، — دېدى ۋە بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتتى.

— بولدى، مېنى خىجىل قىلماڭ! — دېدى مېھمان ئۇكايىسىزلاندـ غاندەك قىياپەتتە، — بۇ نەرسىلەر لازىم ئەمەس.

— بولسىغۇ چوڭراق قىلسام بولاتتى، ئەمما، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۆيدە ئەركىشى يوق، قولۇم قىسقىراق كېلىپ قالدى.

كەچقۇرۇن ھەنپە يەنە بەزىبىر كېرەكلىكلەرنى ئەكەلگەندە ئۆيدە قالغان تۇغقىنىمۇ، گىلەممۇ، سوۋغاتلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنى كۇتۇۋالغىنى كورلىدىكى سىڭلىسى لەتىپەدىن كەلگەن خەت بولدى.

«سۆيۈملۈك ھەدە!

ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ ئوماق ئىنىم دىلشات ئامانمۇ؟ مەندىن ھال سورىساڭ ساق ـ سالامەتمەن. كۈنلىرىمىز ئوبدـ دان. ھەدە، مەن شۇنى ئېيتىشقا ئالدىراۋاتىمەنكى: بۇ يېقىندا بىزنىڭ ئۆيگە گىلەم قولتۇقلىغان بىر كىشى كېلىپ قىرائەت قىلدى. ئاندىن بىز بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنى ئۆيدە ئىززەتلەپ مېھمان قىلدۇق، ئەتىسى ئۆزىچىلا قولتۇقلاپ كەلگەن گىلىمنى ئۆيىمىزگە ئېـ سىپ قويدى. گەپ ـ سۆز قىلمايلا مۇنداق قىلغىنىغا قاراپ، بۇ گىلەمنى تۇغقانچىلىق خاتىرىسىدىن سوۋغا قىلىپ ئەكەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇق، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ كورلىدا جىق ئويناتتۇق ھەم قەدىرلەپ مېھمان قىلدۇق. ئۇرۇمچىدە ھەدەم بار دەپ، سېنىڭ ئادرېسىڭنى ئېيتىپ بەرـ دىم. ئۆيدىكى بىلەن ئىككىمىز ناۋادا بۇ تۇغقىنىمىز كەتمەكچى بولسا ئىككى يۈز كويدەك نەق پۇل، يەنە بىرمـۇنچە سوۋـ غا ـ سالام بىلەن يولغا سېلىپ قويارمىز دەپ تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇق. ئارىدىن سەككىز كۈن ئۆتكەندە، بۇ تۇغقـ نىمىز بىر قوشنىمىزنى كىرگۈزۈپتۇ، «گىلەمنى ئۈچ يۈز كويغا

ئالغاچ كەلگەنىدىم، پايدا ئالمەن دېمەيمەن، سىز پۇلنى بەر-
گەن بولسا› دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەر ــ خوتۇن ئىككىمىز
داڭقېتىپلا قالدۇق. بىر ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۆيدىكى ئاچچىقىدا
پايلىماي گىلەمنى يۇلۇپ چىقىپ تالاغا ئاتتى ھەمدە ئۇ ئادەمنى
‹كۆزۈمدىن يوقال!› دەپ قوغلىدى. ئەگەر ئۇ كىشى چاپسان
كەتمىگەن بولسا ئۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. خۇدايا توۋا
قىلدىم. مۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن، ئۇ تۇغقان ئەمەس
ئىكەن، قورساق باقتى، ئالدامچى ئىكەن، ئادرېسىڭنى ئېيتىپ
قويغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم، ئۇ ئادەم سېنىمۇ بىزگە
ئوخشاش ئەخمەق قىلمىسۇن دەپ ئالدىراپ بۇ خەتنى يازدىم.
ناۋادا ئۇ كىشى بېرىپ قالسا (ئۇ چوقۇم بارىدۇ) ھەرگىز
ئۆيۈڭگە كىرگۈزمە. خەير خوش ئامان بولۇڭلار!
قولۇڭنى سىڭىللارچە قىسىپ: لەتىپە.»

ئۆزىنىڭ ئالدامچىنىڭ دامىغا چۈشكەنلىكىنى چۈشەنگەن ھەنىپە
خۇددى ئېگىز ئاسماندىن لاچىن سوققان كەپتەردەك پالاقشىپ زېمىننىڭ
تەكتىگە چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ ھالسىزلىنىپ جايىدا ئولتۇرۇپلا قال-
دى...

# خەير خوش «تەشكۇرۇپ»جان

ئادەمنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى مەسخىرە
قىلغىنىدىن ئارتۇق رەسۋاچىلىق بولمىسا كېرەك!
«خاتىرەمدىن»

ئۇسسىغانغا دەملىك چاي، ئاچقانغا تەملىك ئۇگرە دائىم تەييار تۇرد-
ىغان، خېرىدارلار چاي - ئۇگرە ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ئۆتكەن - كەچكەننى
كۆرۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان دوقمۇشتىكى چايخانىغا بۈگۈن چۈش
بولا - بولمايلا سالاپەتلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

ئۇ كىشى كىرىپلا چەت - ياقىدىكى بوش ئورۇنغا ئولتۇرۇپ چاشقان
قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە بۇرۇتىنى سىلىغان بولۇپ، چايخانىدا پەۋەس ئولتۇر-
غان خېرىدارلارغا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

چايخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. دەملىك چاي، تەملىك شورپا - ئۇگرە
دائىم تەييار تۇرىدىغان، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان بۇ چايخانىغا
كىملەر كىرمەيدۇ دەيسىز!

مۇلازىمەتچى ھېلىقى سالاپەت ئىگىسىگە بىر چىنە شورپا كەلتۈرۈپ
ئالدىغا قويدى:

— راسا يۇمشاق پىشقان، مايلىق يېرى، تاللاپ قويغانىدىم! —
مۇلازىمەتچى شۇنچىلىك سۆزلەپلا ئوڭ قېشىنى لىككىدە ئېتىپ قويۇپ
كېتىپ قالدى. چۈنكى ئۇ، ھەر كۈنى كېلىپ يۇمشاق پىشقان مايلىق
گۆش ۋە شورپا ئىچىپ تۇرىدىغان كونا خېرىدارنىڭ مىجەزىنى ئوبدان
بىلەتتى.

سالاپەتلىك كىشى پىيالىدىكى پارقىراپ تۇرغان مايلىق شورپىغا نان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشلاپ ھۆزۈرلىنىپ ئىچىۋالغاندىن كېيىن، بىر پارچە مايلىق گۆشنى ئىككى يالماپلا يۇتۇۋالدى ــ دە، ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى چالا ــ بۇلا سۈرتۈپ تازىلىۋالدى. ئاندىن بىر قوينى پۈتۈن يېگەن تۆرلەرىدەك سە-رەڭگە ياغىچى بىلەن چىشىنى كولاشقا باشلىدى. چايخانىغا ھوشۇر كىرىپ كەلدى.

ــــ مانا... بۇ يەردە بوش ئورۇن بار، كېلە! ــــ ھوشۇرنى ئۆز يېنىغا چاقىرغان ھېلىقى سالاپەت ئىگىسى خۇشال بولغان ھالدا سۆزلەپ كەتتى، ــــ بۈگۈن كىچىككىپ قالدىڭغۇ، نېمە بولدى، ئاينىساخاندىن رۇخسەت سورىماق تەس كەلدىمۇ يا! سەنزە، قاچانغىچە ئۇنىڭ ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ تۇرىسەنكىنتاڭ، خوتۇن خەققە كەلگەندە مەندەك ئوغۇل بالا بولمىقىڭ تەس جۇمۇ!

ھوشۇر كېلىپ ئولتۇرۇش ئارىلىقىدا سالاپەتلىك كىشى قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك بۇلدۇقلاپ بىرمۇنچە سۆزلەپ كەتتى. ئەلپازىدىن توختايدى-غاندەك ئەمەس، ھوشۇر چەكلەشكە مەجبۇر بولدى.

ــــ تولا لاۋزىلاشمىغىنا! ــــ دېدى ئۇ ئېتىراز بىلدۈرگەچ قاتتىق سىلكىنىپ، ــــ ئاغزىمغا كەلدى دەپ لاۋزا گەپنى تولا قىلىدىكەنسەن!.

ــــ ئەي قاملاشماپتۇ. يالغانمۇ، ئاينىساخاننىڭ ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ ئۆزۈڭنى «تەشكۈر» دىغىنىڭ يالغانمۇ!

ھوشۇر تىترەپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئاچچىق ھومىيىپ ئاستا سۆزلىدى:

ــــ ماۋۇ چايخانا، شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا نومۇس ئەمەسمۇ، مۇشۇ سالاپىتىڭ بىلەن ئەيمەنمەستىن!...

بۇ ئىككىسى بىر ــ بىرى بىلەن تونۇشىدىغان، پات ــ پاتلا چايخاند-لاردا ئۇچرىشىپ چاقچاقلىشىدىغان ئۈلپەتلەردىن بولۇپ، «يىراق تۇرسا كىشنىشىدىغان، يېقىن كەلسە چىشلىشىدىغان» دېگەندەك بىر يەرگە جەم بولسىلا چىرايلىق مۇگدىشىپ ئۈلپەتلەشمەستىن بىر ــ بىرىنى مەسخىرە قىلىش، بىر ــ بىرىنىڭ ئەيىبىنى تاتىلاپ قوپال چاقچاقلىشىدىغانلاردىن ئىدى.

لېكىن ئەيىبىنىڭ چوڭى سالاپەتلىك كىشىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ساۋۇت، باشلانغۇچنىڭ تۆتىنچى سىنىپىغىچە ئوقۇپ توختاپ قالغان. ئويۇن ــ تاماشىنىڭ ھەممە خىللىرىنى ئارمانسىز ئويناپ، كونا ھارۋىدەك جالداقشىپ دەرماندىن قالغان، ئاخىردا چېكەرمەن بولۇۋېلىپ، كۆپرەك سۆزلەيدىغان مەمەدان ئىدى. ھوشۇرنى كۆرۈپ ياخشى نىيەت بىلەن يېنىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، چىرايلىق قارشى ئېلىشنىڭ ئورنىغا بىر-مۇنچە قوپال سۆزلەرنى قىلغانلىقىلا ئۇنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ قويغانىدى.

ھوشۇر ئەسلىدە زىيالىي ئىدى. لېكىن «قالاق» دېگەن لەقىمى بار ئىدى. بۇ لەقەم ئۇنىڭغا زىيالىي تۇرۇپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكى، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇراق بولغانلىقى ئۈچۈنلا سىڭىپ قالغانىدى. ئۇ ئانچە ــ مۇنچە ئىچىپ قوياتتى، لېكىن «چېكەرمەن» ئەمەس ئىدى.

ساۋۇتۇم گېزىت قەغىزىدىن قېپىقچە يىرتىپ تاماكا ئوراشقا باشلىدى. ئاندىن ئالقىنىغا بىر چېكىم موخوركا ئېلىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر خىل دورا ئارىلاشتۇردى. ئۇ، بۇ ئىشلارنى بېجىرىش ئارىلىقىدا ھوشۇرغا نەچچە قېتىم قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. تاماكىنى كانايچە قەغەزگە قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن ھوشۇرغا يەنە بىر قاراپ پەس ئاۋازدا:

ــــ تەييارلاپ بولدۇم، چېكىۋالاي، تۈتۈننى ئاسمانغا پۈۋلىۋەتسەم ھېچكىم سەزمەيدۇ، ئاندىن سۆزلىشىمىز، ــــ دەپ شىۋىرلىدى.

ھوشۇر مىيىقىدا كۈلگەچ بويىنىنى تولغىدى:

ــــ ياق، مەن ئۇ كوچىدا يوق!

ــــ بىلمەسكە سېلىپ جىنىدەك ئولتۇرۇپ تۇر، بىر پەستە جايلاپ بولىمەن ــ ھە!

ساۋۇت «تەشكۈرۈپ» ئۆزىچە ھېچكىمگە سەزدۈرمەستىن تەييار قىلىنغان پىنەكنى چېكىپ تۈتۈننى ئېگىزگە پۈۋلەپ بولۇپ يەك نەپەس ــ ھۇزۇرىدىن كەيپ سۈرۈشكە باشلىدى...

«ماۋۇ قالاقنىڭ گېپىنى قاراڭ، بۇ كوچىدا يوقمىش تېخى، ئۇ قانچىلىك ئادەمتى، قانچىلىك بىلەتتى، تېخى مېنى نومۇس قىل دەۋاتـــامـ

www.uyghurkitap.com

دۇ! ــــ ئۇ كەيپچىلىكتە ئويلاۋاتاتتى، ــــ ھالىغا باقماي ئىلمىدىن چاتاق
چىقىرىمەن دەۋاتسا كېرەك، ئۇخلاپ چۈشى، ئۇنى راسا جابلاپ، ئۆزۈمنى
تونۇتۇپ قويمىسام ھېساب ئەمەس.» كەيپچىلىكتە ھوشۇرنىڭ گالستۇكىنى
قاراپلا تېپىۋالدى:

ــــ ئاداش!... ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ قانداق باغلىۋال-
دىڭ! ــــ ئاخىرقى نەپەس بىلەن قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ھېچ نەرسىنى
كۆرەلمەس بولۇپ قالغان كۆزى تەدرىجىي سۈزۈلۈپ ئېچىلغاندا، ھوشۇر-
نىڭ بويندىكى گالستۇك قانداق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، نومۇس كۈچىدىن
ئۇنى تۈزىتىپ قويماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى، ــــ مۇنداق باغلىساڭ
سەت بولىدۇ، نومۇسۇمنى كەلتۈرۈپ!

ــــ نېمە بوپتۇ، قولۇڭنى تارتقىنا، سېسىق ئۆچەيدەك پۇراپ كەت-
تى! ــــ دېدى ھوشۇر ئۇنىڭ قولىدىن چىققان بەتبۇيىدىن سەسكىنىپ.
دەرۋەقە ئۇنىڭ قولى نەشە ئارىلاش موخوركا ئىسىدىن قاڭسىق
پۇراپ كەتكەنىدى. ئەمما ئۇ پىسەنت قىلماستىن ھوشۇرنىڭ گالستۇكىنى
ئوڭشىغاچ غودۇراتتى:

ــــ بىردەم جىم تۇرە، ئاز قالدى. سەت بولىدۇ! گال ئاستۇقنى
مۇنداق باغلايدىغان نەرسە ئەمەس!

ــــ قانچىلىك ئىشتى بۇ، قانداقلا باغلىسا بولۇۋەرمەمدۇ، بىردەم
ئۇنداق، بىردەم مۇنداق بولۇپ قالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ھېچقىسى يوق! ــــ
ھوشۇر ئۇنىڭ قولىنى قانچە قېتىم سىلكىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسى-
مۇ، ساۋۇت پىسەنت قىلمايتتى. بەلكى بۇنداق قىلىش كەيپچىلىكتە كۆ-
ڭۈللۈك ئويۇن بولۇپ تۇيۇلسا كېرەك.

ــــ سەت بولىدۇ، دېدىمغۇ، ئىزا تارت!

ئۇنىڭ ئەزمىلىكى ھوشۇرنىڭ جىنىغا پاتقانىدى.

ــــ سەت ـ سەت دەپ نېمانچە بولۇپ كەتتىڭ، بىر ھېسابتا بۇمۇ
بىر شوينىغۇ!

ــــ ۋەي!... شۇڭا سېنى قالاق دەيدىكەن جۇمۇ! ــــ كەينىڭ
كۈچىدە چايخانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ساۋۇت قاتتىق تووۋلاپ

سالغانىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن كىشىلەر ساۋۇتقا قاراپ دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ساۋۇت بىرھازا كۈلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

— لەققەم ئاسماندىن چۈشىدۇ دېگىنى راستكەن جۇمۇ! چۈشكەندىمۇ راۋۇرۇس جايىغا چۈشۈپتىكەن، ئەمدى چۈشەندىم! — دېدى.

ئۇ كۈلەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى چېكىدىن ئېشىپ سەتلىشىش، كەيپىنىڭ كۆچىدە ئەسەبىيلىشىش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەنىدى. ھوشۇرنىڭ ئاچچىقى كەلدى، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئىچىدە «قالاق» دەپ تونۇلغانلىقى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنىدى. شۇڭا ئۇ، كونتروللۇقنى يوقىتىپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغانىدى.

— ھوشۇر قالاق - ھوشۇر قالاق دەۋېرىدىكەنسەن، «ھوشۇر قالاق» دېگەن ئۆزۈم شۇ، قانداق، گەپ بارمىتى! — دېدى ئۇ ئاچچىق بىلەن نەشتەردەك قادىلىپ، — ئادەم بويىنىغا چىگىدىغان بۇ نەرسە، بىر پارچە لاتىغۇ، بۇ نەرسىگىمۇ ئۇنداق چەكىدىك، مۇنداق باغلىدىك دەپ ئادەمنى قالاققا چىقىرىۋېتكەن بارمۇ! گەپ بوپتۇ دە!

— خاپا بولما، ئاداش، ھازىرقى كېيىمگە قالاقلىقىڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، يەنە نېمىگە خاپا بولىسەن! — ساۋۇت خۇددى يانچۇقچىنىڭ قولىدىن نەق تۇتۇۋالغان مال ئىگىسىدەك يۈرەكلىك ۋە غالىب ئاھاڭدا سۆزلەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئەيىبلىگىلى تۇردى، — ھازىرقى كۈندە نى - نى ئىشلارنىڭ سۈت - قايمىقى ئاجرىلىپ، ئاق - قارىسى پەرقلىنىپ، سۈتتەك ئايدىڭلىشىپ بولغان يەردە سېنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭ يوق يوقىلاڭ سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ قالاق دېمەي نېمە دەيتۇق!

ھوشۇرنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى، ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغاندى:

— تولىمۇ دىتسىز نەرسىكەنسەن جۇمۇ، قېنى قايسى كېيىم قالاقكەن! — ۋارقىراپ تاشلىدى ھوشۇر، ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرى چىڭقىلىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى.

— ئۆپكەڭنى بېسىپراق تۇر، — دېدى ساۋۇت مەسخىرە ئارىلاش مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئادەم دېگەن ئۇنداق ئاسان سەكرەپ كەتكۈلۈك ئەمەس، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئالدىراقسانلىق، قىزىققانلىق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس، بىلدىڭمۇ، ھەممە ئىش جايىغا چۈشىدۇ، — ئۇ تەلەپپۇزىنى يۇمشىتىپ سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇغۇچىسىغا چۈشەنچە بېرىۋاتقان تەربىيەچىدەك تەسىرلىك قىلىپ داۋام قىلدى، — ھەممە ئىش چۈشەنچە بىلەن ئايدىڭلىشىدۇ، بىلەمسەن، ساڭا چۈشەندۈرسەم ماۋۇ بوينۇڭغا تاقىغان نەرسىنى گال ئاستۇق دەيمىز، ھەرگىزمۇ «شوينا» دېمەيمىز. چۈشىنىشلىك بولغاندۇ!

— ئاداش، ئاغزىمغا كەلدى دەپ جۆيلۈۋەرمىگىنە، ساڭا كىم ئېيتتى، قايسى ئالىم شۇنداق دېدى، قايسى كىتابتا يېزىلىپتۇ. قېنى! گەپ دېگەننى ھېسسىياتقا تايىنىپ خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەۋەرگۈلۈك ئەمەس! — قايىل بولمىغان ھوشۇر تەنقىد ۋە سوئال نەزىرى بىلەن قادىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — گەپتىن - گەپ ياساپ گالستۇكنى گال ئاستۇق دەپ كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ چاكىنىلىق بولۇپ قالامدۇ؟

— مېنى چاكىنا ئىش قىلدى دېمەكچىمۇ سەن! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كالپۇكلىرى تىترەشكە باشلىدى. ئەلپازىدىن ھوشۇرنى چايناپ پۈركۈپ تاشلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى، — سېنىڭچە بولغاندا مەن چاكىنا ئىش قىلغان بولامدىمەن. «تەشكۈرۈپ» تەتقىق قىلىپ، ئاللىقاچان ياتلار ئوغرىلاپ كېتىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان تارىخىي ئېسىل مەدەنىيەتلىرىمىزدىن «گال ئاستۇق» نى تېپىپ «ئۇرغۇي» مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۇرسام، يەنە مەن چاكىنا ئىش قىلغان بولامدىمەن! لىللا سۆزلەڭلار، ئاغىنە، ئەزرائىل جىنىڭلارنى ئالىمەن دەپ تۇرسىمۇ، توغرا سۆز قىلىپ ئاندىن جان بېرىڭلار!

ھوشۇر ئۇنىڭ بەزەن سۆزلىرىگە كۈلۈۋەتكىلى قىل قالدى. مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— يولداش ساۋۇت، ماڭا دەرس ئۆتىمەن، تەربىيە بېرىمەن دېگۈچە ئالدى بىلەن تىلىڭنى ئوڭشىۋالغىنا! — دېدى.

— قايسى تىلىمنى، تىلىم ساق تۇرۇپتۇغۇ، ئىشەنمىسەڭ مانا، — ئۇ تىلىنى چىقىرىپ كۆرسىتىۋېلىپ داۋام قىلدى، — تىلىمنىڭ ئوڭشايدىغان قانداق يېرى بار ئىكەن قېنى!

— باشتا «تەشكۈرۈپ» دېدىڭ، كېيىن يەنە «ئۇرغۇي» دەۋاتىسەن، بۇنى تۈزەتمەي بولامدۇ، بىزدە نەدە ئۇنداق گەپ بار! — كۈچلۈك پاكىت قويغان ھوشۇرنىڭ كۆزلىرىدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە سەمىمىيەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇ، ساۋۇتنىڭ سالاپىتىگە نالايىق مۇنداق سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. ئەمما ساۋۇت ئۇنىڭ بۇنداق ياخشى نىيىتىنى چۈشەنمەستىن ۋارقىراپ كەتتى:

— تەشكۈرۈپنى تەشكۈرۈپ دېمەي نېمە دەيتتىم. قىزىق گەپ بولدى ـ دە! — مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەندەك ھۆركىرەپ كۆز چەكچەيتىش بىلەن ھوشۇرنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان ساۋۇت ئۇنىڭغا ئاچچىق ھومىيىۋېتىپ ئاندىن نەزىرىنى باشقا خېرىدارلارغا ئاغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنى قوللايدىغان بىرەر كىشى چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە قاراپ چىقتى. بەختكە قارشى ئۇنى قوللايدىغان بىرەر كىشى چىقمىدى. ئەكسىچە ھوشۇر ئۆز پىكرىنى ئالغا سۈرمەكچى بولاتتى:

— ئاداش، راست گېپىمنى قىلسام ھۆپۈپنى قۇرغۇي دېگەن بولساڭ، كۆڭلۈڭنى دەپ ماقۇل دېسەممۇ دەپ قالاتتىم، — دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش مىيىقىدا كۈلۈپ، — لېكىن ئۇيغۇرنى «ئۇرغۇي»، تەكشۈرۈشنى «تەشكۈرۈش» دېسەڭ ھەرگىزمۇ قوشۇلمايمەن. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، ئاڭلىغان كىشى نەرىدە كۈلەر!

— كۈلگۈدەك نەرى بار، مەنمۇ شۇنداق دېدىمغۇ، بىلىپ دېدىم، بىلمىسەم شۇنداق دەمتىم! — ساۋۇت ئالاقزادىلىك بىلەن چەك باسمىغان سۆزلەرنى قىلىۋەردى.

ھازىر بۇ ئىككى ئۈلپەتنىڭ سۆھبىتى ئىلگىرىكى يوشۇرۇنراق ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە، ئاستا سۆزلىشىشتىن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ سۆزلىشىش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكتىن چايخانىدىكى ھەممە ئادەم دىققىتىنى مەر-

كەزلەشتۇرۇپ، چاڭىلداپ ئاڭلىنىۋاتقان قىزىق سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ قايسىسى قانداق ۋە قانچىلىك ۋەزىپىدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بارغانچە تونۇپ يەتمەكتە ئىدى. تولا ئادەملەر ساۋۇتنى ئۇچىغا چىققان لاتا كاس ــ كاس ئىكەن دېسە، بەزەنلەر چېكەرمەن سەۋدايىغا ئوخشايدۇ دېيىشىپ تېخىمۇ دىققەت قىلماقتا ئىدى.

ــــ خىيالىڭدا گېپىمدىن چاتاق تاپمەن دەپ ئويلاۋاتساڭ كېرەك، ئۇخلاپ چۈشۈڭ، لىللا گەپ قىلسام مەن بىلگەننىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ بىلمەيسەن، بىكار ئاۋارە بولما! ــــ دېدى ھوشۇرغا قاراپ مەنستىمگەن قىياپەتتە.

ــــ شۇنداقمۇ! ــــ دېدى ھوشۇر كۆزىنى سەل ــ پەل چىمچىقلىتىپ، گويا ئۇ، ساۋۇتنى بىرئاز گەپكە سالماقچى بولغانلىقىدىن بېشارەت قىلغاندەك كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، ــــ لېكىن مىڭدىن بىرىنى دېسەڭ بەك لاپ كېتەر، يۈزدىن بىرىنى دېسەڭمۇ چوڭلۇق قىلار، چۈنكى سەن بىلگەن ئەمتاخۇننى مەنمۇ بىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، شۇنداق ئەمەسمۇ!

ــــ ئەمتاخۇننى بىلگەن بىلەن سەمتاخۇننى بىلمەيسەن ــ دە!

ــــ بىلسەمچۇ!

ــــ بىلمەيسەن، مەنچۇ، سەندەك ئادەمنى ئىككى سوئال بىلەن موم چىشلىتىپ ۋاڭ قويغۇچىلىكىم بار تېخى! ــــ دېدى ساۋۇت خۇددى سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەن بالىنى ئەيىبلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىدەك ھوشۇرغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ، ــــ يوغانچىلىق قىلىشنىڭ نېمە لازىمى! ــــ دەپ قوشۇپ قويدى ئاخىردا.

ــــ قېنى سورىسىلا، ئەپەندىم! ــــ دېدى ھوشۇر بىردىنلا ئوقۇغۇچىدەك مۇلايىم تۈسكە كىرىپ، تەنە بىلەن، بىلىنەر ــ بىلىنمەس قولىنى قوشتۇرۇپ تۇرغاندەك ھەرىكەتتە.

ــــ مەيلىمۇ، يەرگە قاراپ قالساڭ ئۆزۈڭنىڭ شورى! ــــ ساۋۇت ئويلىنىۋاتقاندەك بىرئاز توختىۋېلىپ كۆپچىلىككە قاراپ قويدى، ئاندىن بىردىنلا جىددىي قىياپەتكە كىرىپ سوئال قويدى، ــــ تارىختا بىز

ئۇرغۇيلاردىن چىققان ئالىم، تەرجىمان كېرەم جۇمەنى بىلەمسەن، ئۇ كىم، قاچان ۋە قەيەردە ئۆتكەن؟

هوشۇر هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالغانىدى. ئۇ، نېمە دېيىشنى بىلمەي بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنداق ئادەمنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن، — دېدى هوشۇر بېشىنى چايقاپ، — قاغىلىق تاشپولات ئىدارىسىدىكى كېرەم چاۋا دەيدىغان تەرجىمان بار دەپ ئاڭلايتتىم، ئۇ ئەمەستۇ!

— ۋەي... كاللا دېسەم پاچاق دەپ، شۇ هالىڭىغا يوغان سۆزلە ـ دىڭمۇ! — ساۋۇت مەسخىرىۋازلارچە كۈلۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — بىرىنچى سوئالدىلا موم چىشلىۋالدىڭ، بىلگىنىڭ شۇمۇ، راست گېپىڭنى دېسەڭ بولمامتى، باشتىلا بىلمەيمەن دېسەڭ ئاكاڭ چۈشەندۈرۈپ قويمامتى!

— سەن دېگەن تەرجىمان كېرەم جۇمەنى راستتىن بىلمەيدىكەن ـ مەن! — دېدى هوشۇر پەسكوي ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغان قىياپەتكە كىرىپ، — ئەمدى ئۆزۈڭ ئېيتىپ بېرەرسەن!

— بۇ گېپىڭ جايىدا، بىلمىگەننى بىلمەيمەن دېيىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى، بىلمىگەننى بىلمەن دېيىش شەيتاننىڭ ئىشى! — ساۋۇت مىسلىسىز كىبىرى بىلەن كۆرەڭلەپ تۇرۇپ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋالغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈشنى باشلىدى، — مەن ئېيتقان كېرەم جۇمە، قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىدىن چىققان چوڭ ئالىم، كۇسەن دۆلىتى دېگىنىمىز هازىرقى كۇچا، بۇ ئالىم كۆپلىگەن بۇددا «توم» لىرىنى تەرجىمە قىلغان، چۈشەند ـ دىڭمۇ!

— ئاداش، ئالجىپ قالمىغانسەن! — هوشۇر قانداقتۇر بىرنېمە ـ دىن چۆچۈپ كەتكەندەك چەكچىيىپلا قالغانىدى، — پۈتۈن ئالەم، پۈتۈن دۇنيا كۇسەن دۆلىتىدىن چىققان ئۇ ئالىمنىڭ ئىسمى كۇمراجىۋا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، سەن ئۇنى كېرەم جۇمە دەۋاتىسەن، جۆيلۈۋاتامىيدى ـ غانسەن! يەنە كېلىپ بۇددا «توم» لىرىنى تەرجىمە قىلغان دەۋاتىسەن، بىز بۇددا «نوم» لىرى دەپ ئاڭلىغان.

ساۋۇت نېمىچۈندۇر قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى، خۇددى تۇيۇقسىز

تۇۋرۇككە ئۇسۇۋالغاندەك سەنتۇرۇلۇپ كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. پاكىت ئۇنى شۇنداق دەردكە پۇكۇپ قويغانىدى. ئەمما ئۇ، بەنىلا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى.

— ۋەي... دەۋاتقان گېپىنى، بىز «ئۇرغۇي» لاردا نەدە ئۇنداق ئىسىم بولسۇن! — دېدى ئۇ بەسلىشىپ ئۇتتۇۋالغان ئوقۇغۇچىدەك ھاياجانلىنىپ، ئۇ بەلكى مۇشۇ تەرەپتىن چىقىش يولى تېپىۋالغاندەك كۆرەڭلەپ داۋام قىلدى، — بىز بالىلىرىمىزغا ئات قويساق، ئادەمنىڭ تىلى كەلمەيدىغان ئۇنداق سۆزلەر بىلەن ئەمەس، «كېرەم»، «جۇمە» دەپ ئات قويىمىز، شۇنداققۇ! سەن بەلكى چالا ئاڭلاپ قالغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئىشەنمىسەڭ باشقىلاردىنمۇ سوراپ باق!

— مەن چالا ئاڭلاپ قاپتىمەنمۇ؟ — ھوشۇر ئۇنىڭ خۇنى قاچقان بىزەڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋەتكۇدەك ئاچچىق قاراپ، نەپرەت بىلەن داۋام قىلدى، — ئالىم كومراجىۋا ياشىغان زامانلاردا بىز تېخى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان، بالىلىرىمىزغا «كېرەم»، «جۇمە» دەپ ئىسىم قويۇلمىغان تۇرسا، سەن بۇ ئىسىملارنى نەدىن تېپىۋالدىڭ؟ بۇنىڭغا قارىغاندا ئۆزۈڭ چالا ئاڭلاپ قاپسەن!

— بىزمۇ «كومراجىۋا» ئىسىملىك ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، بۇددا «نوم» لىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلىمىز! — كىمدۇر بىرى چاڭىلداپ سۆز قىستۇرۇپ ھوشۇرغا كۈچ قوشتى.

ساۋۇت ئۆزىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. مۇنداق ئوسال ئەھۋالدىن توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ، چېچاڭشىش ئارقىلىق قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— «تەشكۇرمىگەن» ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى يوق، بىلمەسەن! — دېدى ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ. ئۇنىڭ چىرايى سامانەدەك سارغىيىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتكەنىدى. ھوشۇر ئۇنىڭ بۇزۇلغان رەپتارىغا قاراپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ شۈك تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. باشقا كىشىلەرمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا ئارتۇق سۆز قىلغىلى بولمايدۇ

دېگەن تونۇشقا كېلىپ سۈكۈت قىلغانىدى. ساۋۇت سۆزلەپ كەتتى:

— شۇڭ تۇرۇپ بەرسەم جاھاننى جاھاندىكى جىمى ئىشنى «تەش-كۈرۈپ» نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ يېپىدىن - يېڭىنىسىغىچە بىلىپ تۇرىدىغان ئادەمنى چالا - بۇلا ئاڭلىۋالغانغا، ھېچنېمىنى «تەشكۈرۈپ» تەتقىق قىلمىغان ئادەمنى ھەممىنى بىلىدىغان ئادەمگە چىقىرىشىپ تېخى، قىزىق گەپ بولدى - دە! خۇدا ھەققى مەن باشتىكى سۆزۈمدە چىڭ تۇرىمەن، مەن، باشقىسىنى بىلمەيسەن دېگەنىدىمغۇ، ھازىر شۇ سۆزۈمدە مۇڭگۈزدەك چىڭ تۇرىمەن، «ئۇرغۇي» تۇرۇپ «ئۇرغۇي» نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدى-غان ئادەمنىڭ نەق ئۆزى سەن شۇ!

ئۇنىڭ چىرايى بارغانچە بۇزۇلغانىدى. ئۇنىڭ نۇرى ئۆچكەن بىزەڭ كۆزىدىن، قانسىز لېۋىدىن، سوغۇق كۈلۈمسىرەشلىرىدىن ئادەمنىڭ قورق-قۇسى كېلەتتى. ئەمدى ئۇ قانداق سۆزلىسە سۆزلىسۇن، «ھە» دەپ مەيلىگە قويۇپ بەرمەكتىن باشقا ئاقىلانە يول قالمىغانلىقىنى چۈشەنگەن ھوشۇر «ھە» دەپ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشنى توغرا تاپقانىدى.

— توغرا دېدىڭ، بۇرادەر، بىلەرمەنلىك قىلىپ ئالدىڭدا بىھۆرمەت-لىك قىلىپ قويغىنىمنى كەچۈرەرسەن! — دېدى ئۇ خاتاسىنى بويۇندايى-دىغان قىياپەتتە.

— ماۋۇ گېپىڭ توغرا! — دېدى ساۋۇت كەيپىياتتا بىردىنلا پەسلەپ، — جاھان دېگەندە سەن بىلمەيدىغان ئىش تېخى كۆپ، سەندىن يەنە بىرنى سوراپ كۆرەي، بۇغۇ مۇشۇ زاماندىكى ئىش، بىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ بىر سىناپ كۆرەي، بولامدۇ!

— سورا، بىلمىسەم ئۆزۈڭ بارغۇ! — ھوشۇر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇردى.

— يۇگوسلاۋىيىنىڭ داھىيسى كىم؟

— تىتو.

— توغرا بىلىدىكەنسەن، ھەرھالدا ياخشى. ئەمدى سەن بىلگەن تىتونىڭ ئەسلى ئىسمى نېمە، مىللىتىچۇ؟

ھوشۇر ئاچ بىقىنىغا تۇيۇقسىز بىر مۇشت تەگكەندەك چەكچىيىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپلا قالدى. ساۋۇتنىڭ پاختىكى ئوگدا ئۇچقانىدى.

ساۋۇت بىر سۆزنىڭ راست چىققانلىقى ھوشۇرغا ئىسپاتلانغاندەك كىرىلىپ كۆرەڭلىك بىلەن كۈلدى. ئۇنى مەسخىرە قىلىپ پوخادىن چىققاندىن كېيىن:

— مۇشۇ كۈنگىچە ھېچكىم ئىسگە ئالمىغان تېتو توغرىسىدا «تەشكۈرۈپ» تەتقىق قىلىۋىدىم، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى تېپىپ، مىللىتى «ئۇرغۇي» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم. بۇنىڭ بىلەن بىز «ئۇرغۇي»لارنىڭ يۈزى كۆتۈرۈلمەمدۇ، قانداق دەيسىنا!

— نېمە، نېمە؟ تېتو ئۇيغۇرمىكەن!

— جىك «ئۇرغۇي»، سۆزلەپ بېرەيمۇ، ھەيران قالىسەن.

ساۋۇتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقان باشقا خېرىدارلارمۇ ھەيران بولۇشۇپ، خۇددى ئورمانلىقتا ئۇشتۇمتۇت يولۋاسقا ئۇچراپ قالغان ئوتۇنچىلاردەك چەكچىيىپ قاراپ قالغانىدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپ - سۆزلەرگە مەسخىرە قىلىپ كۈلۈش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ تەئەججۈپلىنىش باسقۇچىغا كۆچكەنىدى.

— دېدىمغۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولسەن، مەسىلىنى يېشىپ چۈشەندۈرگەندە بەلكى تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇڭ مۇمكىن! — ساۋۇت ئاجايىپ بىر يېڭى ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ناتىقتەك چىرايىغا مەغرۇر تۈس ئېلىپ داۋام قىلدى، — مەسىلەن، ئىسمى تېيىپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى توختى بولغان بىر كىشىنى ئالايلۇق، بۇ ئىككى ئىسمىنىڭ باش بوغۇمىنى قوشساق نېمە ئۇچۇن «تېتو» دېگەن ئىسىم ھاسىل بولمايدۇ. بۇ تامامەن مۇمكىنچىلىكى بار ئىش. مەن مۇشۇ قائىدىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تارىخ ۋە تەرجىمھال ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىۋىدىم، نەتىجىدە شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايدىڭلاشتىكى، تېيىپ توختى دېگەن بىر «ئۇرغۇي» ئۆز ۋاقتىدا ئەنجانغا بېرىپ شۇ تەرەپتە تۇرۇپ قاپتىكەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئارمىيىگە كىرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە تەرەپكە ئۆتۈپ پارتىزانلىق ئۇرۇشلاردىمۇ ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئادەم ئىسىم - فامىلىسىنىڭ باش بوغۇملىرىنى، مەسىلەن،

«تېپىپ» تىكى «تې»، «توختى» دىكى «تو» نى قوشۇپ «تېتو» دەپ ئىسىم ياساپ يۇگوسلاۋىيىلىكلەرنىڭ ئۆزىنى بولۇپ كەتكەن گەپ، شۇنداق قىلىپ ئۇ سىياسەتتە چېۋەرلىك، ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ يۈرۈپ ئاخىر يۇگوسلاۋىيىنىڭ داھىيسى بولۇپ قالغان!

— يا ئاللا، يا ھەزرەت!...، — دېدى ھوشۇر ھەيران قالغان ھالدا پېشانىسىگە چاققىتە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ، — قالتىس ئىشلارنى تەتقىق قىلغانىكەن، ئەجەب بىلمەپتىمەن، ئىسىت ـ ئىسىت!...، — ئۇ بېشىنى چايقاپ ئۆزۈنغىچە مەيۈسلەندى. ئۇ، ئەمدى ساۋۇتنىڭ ئۇچىغا چىققان بەڭگى خىيال سەۋدايى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى.

باشقىلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدا قانداق چۈشەنچىدە بولۇۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ساۋۇت تېخىمۇ قىزىشىپ سۆزلەشكە كىرىشتى.

— ئامېرىكىغا زۇڭتۇڭ بولغان «ھەسەن خېۋىر» نى تېخىمۇ بىلمەيسەن! — دېدى ئۇ كۆپكۆندۈزدە جۆيلۈگەندەك پوسۇققىنە قىلىپ. ھوشۇر ۋە باشقا خېرىدارلار خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك تېخىمۇ چۆ-چۈشتى. خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن ھوشۇر چىداپ تۇرالماي:

— نېمە، نېمە؟ جۆيلۈۋاتامسەن! — دەپ تاشلىدى.

— خەقنى جۆيلۈۋاتامسەن دېگۈچە بىلمەيمەن دېسەڭچۇ! — دېدى ئۇ قاتتىق ھومىيىپ، ئەلپازىدىن ھوشۇرنى يەپ قويىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، — مەن باشتىلا بىلمەيسەن دېگەنىدىم، راست دەپتىمەنمۇ، «تەشكۈرۈپ» تەتقىق قىلمىغان ئادەم ئاشۇنداق ئاسانلا ئىچ كېپىنى ئېيتىپ قويىدۇ! — ئۇ مەسخىرە قىلىپ خېلى ئۇزۇن كۈلدى.

— ئاداش، جۆيلۈۋاتامسەن دېگىنىمنىڭمۇ ئاساسى بار، — دېدى ھوشۇر ئۇنى كەسكىنرەك رەت قىلىپ، ئاندىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئامېرىكىغا زۇڭتۇڭ بولغانلاردىن ئېزىنخاۋېر دېگەن كىشىنى ئاڭلاپتۇق، سەن ھەسەن خېۋىر دەۋاتىسەن، بۇ باشقا بىرىمۇ! — دېدى.

چايخانىدا پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ شاۋقۇنلۇق كۈلكە سادا-سى ساۋۇتنىڭ قۇلىقىغا خۇددى كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇلغان مۇشتتىنمۇ دەھشەت تەگدى بولغاي، ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشنى

بىلمەيلا قالغانىدى. بېشى غۇڭۇلداپ قۇلىقى سايرىغاندەك بولدى. ئۇ، ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئۆپچۆرىسىگە قارىدى. ھەممىلا تەرەپتىن ئادەملەرنىڭ مەسخىرىۋاز كۆزلىرى نەشتەردەك قادىلىپ تۇراتتى. ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدىن سوغۇق شاڭخو، كۈلكە گۈركىرەپ تۇراتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ توقۇمنى قارنىغا ئېلىشتىن باشقا يەنە قانداق يول قالدىكىن! شۇڭا ئۆڭۈش ئارقىلىق قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى تاللىدى ئۇ.

— سەندە مىللىي روھ دېگەننىڭ تىرناقچىلىك سۇنۇقى يوق ئىكەن! — دېدى ئۇ بىردىنلا ئۆڭۈپ. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ قانسىز لەۋلىرى غەزەپتىن تىترەيتتى.

— نېمە، نېمە، مىللىي روھ دېدىڭمۇ؟ ئۇ قانداق بولىدۇ، قېنى! — دېدى ھوشۇر ئۇنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ. ساۋۇت ئۇنىڭ ئاچچىق قاراشلىرىدىن ھودۇقۇپ:

— مىللىي روھ دېگەن روھ... ئەقلىڭ بولغاندىكىن قالغىنىنى ئۆزۈڭ چۈشىنىۋال!

— مانا قىزىق، سېنىڭچە بولغاندا، گالستۇكنى «گال ئاستۇق»، تېتونى «تېيىپ توختى»، ئېزىنخاۋېرنى «ھەسەن خېۋىر» دېسەكلا مىللىي روھ بولامدۇ! سېنىڭ دېگەنلىرىڭگە «ھە» دەپ بەرسەم مەندە مىللىي روھ بولغان بولامدۇ! بۇرادەر، ئازراق ئىزا تارت. خەقنىڭ گەپلىرىدىن زىخ ـ زىخ چىقىرىپ يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشنى مىللىي روھ دەپ جۆيلۈپ يۈرۈش تېخىمۇ نومۇس! بۇنداق گەپلىرىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنى نومۇسقا قويىسەن! ياخشىراق ئويلىنىپ باق!

بۇ سۆز ساۋۇتنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى. ئۇ چىداپ تۇرالماي؛

— زادى سەن نېمە دېمەكچى، مېنى بىلمەيدۇ دېمەكچىمۇ! — دەپلا ھوشۇرنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. چايخانىدا قۇرۇق جېدەلنىڭ چىقىش خەۋپى تۇغۇلغانىدى. بۇنىڭدىن خاتىرجەمسىزلەنگەن چايخانا خوجايىنى كەكلىكتەك يورغىلاپ ساۋۇتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئۇكام ساۋۇتئاخۇن، — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ ئەدەپ بىلەن يالۋۇردى، — دۇكاننىڭ سودىسى توختاپلا قالدى، بىرئاز

سودا قىلىۋالاي، ئوكام، ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بۈگۈن يەكشەنبە ئەمەسمۇ، خۇش بولاي، ھاۋا يېگەچ بىرئاز ئايلىنىپ كەلگىن، مەن خۇش بولاي!

ساۋۇت خوجايىننى خاپا قىلىشنى خالىمايتتى، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى، نېمىچۇندۇر ئەيمىنەتتى. شۇڭا ئۇ، گەپ ئاڭلىغان ياۋاش قىياپەتتە «ماقۇل، ماقۇل» دېدى. خوجايىن ئۇنىڭ دولىسىنى قېقىپ ئۇزاتقاچ ئىشىك تەرەپكە بىللە ئېلىپ ماڭدى. لېكىن ئۇ كېتىۋېتىپ پات ـ پاتلا توختىۋېلىپ ھال ئېيتاتتى، گاھىدا ھوشۇرغا قاراپ غوتۇلدايتتى.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاكا، مەن ھېچقاچان چايخانىدا مۇنداق چېچىلغان ئەمەس! — دېدى ئۇ ھال تۆكۈپ، — بۈگۈن بىكار ـ دىن ـ بىكار بىلەرمەنلىك قىلىپ چېچىلدۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭدەك قالاقتا بىلەرمەنلىك قىل دەپ كىم قويدى. ئۇ نېمىنى بىلەتتى. قانچىلىك بىلەتتى! مەن بىلگەننىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ بىلمەيدۇ، — چايخانا خوجايىنى راست ـ راست دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتقاچ ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ، ئامال بار ئۇنى يولغا سالماقچى بولاتتى. ئۇ، كېتىۋېتىپ كۆكلەپ، — مەن دېگەن كېچە ـ كۈندۈز تىنماستىن «تەشكۈرۈپ» تەتقىق قىلىدىغان ئادەم، قېنى ئۇ نېمە قىپتۇ؟ قانچىلىك بىرنېمە بىلىپتۇ! مەن ھازىر بىر چاغلاردا ئەنگلىيىگە باش ۋەزىر بولۇپ مىسىرغا تاجاۋۇز ئۇرۇشى قوزغىغان سەپرا مىجەز «ئايدىن» ئۇستىدە تەتقىق قىلىۋاتىمەن. نەتىجىسى كېيىن چىقىدۇ، ئايدىن دېگەن ئىسىم بىز «ئۇرغۇي» لاردىمۇ بارغۇ. مانا شۇنىڭ ئۆزى ماڭا كۈچلۈك ئاساس. مەن يەنە ستالىننىمۇ تىزىملاپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئىسمى ئىئوسسىپقۇ. ئۇنىڭ يۇسۇپ بىلەن نېمە پەرقى! يەنە رۇزى...

— بولدى، ئوكام، مەن ھەممىنى چۈشىنىمەن! چېچىلما! چېچىلـ ـغۇدەك نېمىسى بار! — خوجايىن ئۇنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ خوش ئېيتىپ كوچىغا قاراپ ماڭغاندا شۇنچە كۆپ خېرىدارلار «خەير خوش ‹تەشكۈرۈپ› جان» دېگەندەك تاكى ئۇ كۆزدىن غايىب بولغانغا قەدەر قاراپ قېلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەخمەقنىڭ مۆجىزىسى

«ئەخمەق» دەپ لەقەم ئېلىشىغا ئەخمەتنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولدى؛ جەمئىيەت ھېچ ۋاقىتتا ئەيىبلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئەسلىدە ئاتا - ئانىسىدىن بىر يورۇش ئۆي - ئىمارەت، ئۆي سەرەمجان، باغۋاران قاتارلىق مىراسلار بىلەن قالغان ئەخمەت، بۇ نەرسىلەرنى گويا ئەگكۈشتەرنىڭ كاراستى بىلەن بىر كېچىدە پەيدا بولغان تەئەللۇقاتتەك چۈشىنىپ، ئۇنى يۇنۇپ يەپ يېتىۋەردى. ئاتا - ئانىسى بۇ مىراسلارغا قانداق ئەمگەك سىڭدۇرگەن، قانچىلىك تەر تۆككەن بۇ تەرەپلىرىنى ئۇ ئەسلەپمۇ قويمىدى. «يېتىپ يېسەڭ تاغ توشماپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ بىكار يەپ يېتىشىغا تەئەللۇقاتلار بەرداشلىق بېرەلمەي كۈندىن - كۈنگە ئازلاشقا، قەيەرگە سۇنسا يېتىدىغان قولى بارغانسېرى قىسقىراشقا باشلىدى. قولى ھەربىر غېرىچ قىسقارغاندا، ئۇ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى بىر - بىرلەپ سېتىپ خىراجەت قىلدى. ئەڭ ئاخىردا ئۆي - ئىمارەتنى قالدۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇپلا باغنى سېتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەجىر قىلىپ بارانىغا يەتكۈزگەن، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئۆينىڭ خىراجىتىنى قامداۋاتقان باغنى قارىسىغا سېتىپ، قولىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئادىل جامائەت تەئەججۈپلىنىپ: «باغنى سېتىپ ئەخمەقلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلەشتى. ئەمما بۇ ئىش ئۇرنىغا كەلمەيتتى، ئۇ بەرىبىر سېتىۋەتكەنىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ «ئەخمەق» دېگەن لەقەم خۇددى چۈجە ئەگىۋاتقان ساردەك ئەخمەتنىڭ بېشىنى ئەگىشكە باشلىدى.

ئاتا - ئانىدىن قالغان مىراسنى ۋە ئۆي سەرەمجاننى سېتىپ خەجلەش، پەرزەنتلەر ئۈچۈن گويا ئولجا تاپقان ياكى غايىب خەزىنىگە ئۇچراپ قالغاندەك كۆڭۈللۈك بولاتتى. ھېچقانچە ھەرەج چەكمەستىن

ساتتىم، دەپلا بىر پارچە خەتكە قول بېسىپ نۇرغۇن پۇل – پۇچەككە ئىگە بولغان ئەخمەت، چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە ھاياجانلاندى، قولىغا كىرگەن پۇلنى گويا خەجلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا، بۇ پۇلنى چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ خەجلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ مۇنداق تۈگىمەس پۇلنى خەجلەپ ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنىگە خۇددى گۆشكە چىۋىن ئولاشقاندەك، بىرمۇنچە بىكار تەلەتلەر كېلىپ قوشۇلدى؛ بۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا يېقىن دوست بولۇپ، كېچە – كۈندۈز دېگۈدەك بىللە بولاتتى. قاچانلا بولسا بىر توپ بىكارچىلار مېھمان بولۇپ يېۋاتقان، ئىچىۋاتقان، قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتقان... بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان جامائەت «ئوخشىمىغان پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى» دېگىنى راست گەپ ئىكەن دېيىشەتتى.

ئۇنىڭ دوستلىرى بىكار تاماق يەپ ئويناپ كۈلگەنلىكىگە رازى بولماي، ئەخمەتنى ئەخمەق قىلىدىغان باشقا ئىشلارنىمۇ قىلاتتى. بىر كۈنلىرى بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا بىر دانە ياخشى ئېشەك سېتىۋېلىش، ئېگەر – توقۇمىنى پۈزۈر جابدۇپ بىر ياقلارغا بارغاندا مىنىپ بېرىش مەسلىھەتىنى بەرگەندە، ئەخمەت ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھېلىقى ئاغىنىسى شەھەردىن بىر بىدىكنى باشلاپ چىقتى. بۇ بىدىك دۇلدۇلدەك تېز ماڭىدىغان شوخ ھەم چېچەن بىر ئېشەكنى ئەكېلىپ، ئەخمەتنىڭ ئالدىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر قىممەت باھادا سېتىپ پۇلنى چۆنتەككە سېلىپ كېتىپ قالدى. قىزىق يېرى شۇ بولدىكى، بىر – ئىككى سائەتكە قالمايلا ھېلىقى دۇلدۇلدەك شوخ ئېشەك، پۇتىنىمۇ يۆتكىيەلمەيدىغان قاشاڭ، ئەبگار ئېشەككە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئېشەكنىڭ مۇنداق تېز ئۆزگىرىشىگە ھەيرانۇ ھەس بولغان ئەخمەت، تۇرۇپ تۇرۇۋالالماي قالغان بولسىمۇ ئامالسىز ئىدى. چۈنكى سودا دېگەن سودا، يېنىۋېلىشقا بولمايتتى. سەۋەب تاپسا يېنىۋېلىشقا بولاتتى، لېكىن ئەخمەت بىدىكنىڭ ئېشەككە يېرىم جىڭ ھاراق ئىچۈرۈپ شوخلاشتۇرۇپ ساتقان سىرىنى بىلىپ كېتەلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېشەك ئۆز بويى بىلەن

www.uyghurkitap.com

تەڭ زىيان كۆرسىتىپ، ئەخمەتنىڭ ئىغىلىدا قالدى. ئارىدىن خېلى ئايلار ئۆتكەندىلا، ئەخمەت بۇ ئىشەكنى ئەسلى باھاسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلمەيدىغان باھادا مۇشكۈلدە سېتىپ قۇتۇلدى.

بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان ئادىل جامائەت، بىر تەرەپتىن، بىلىدىنىڭ ئەخمەتنى ئەخمەق تاپقانلىقىغا غەزىپى كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەخمەتنىڭ ئەخمەق بولغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئېتىنى «ئەخمەق» دەپ رەسمىي ئاتاشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ كېيىنكى بىرمۇنچە ئەخمىقانە ئىشلىرى «ئەخمەق» دېگەن لەقەمنىڭ خۇددى چىنەپ قويغاندەك، ئاسماندىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بېشىغا قونغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئادىل جامائەتنىڭ ئىككىلەنمەستىنلا، «ئەخمەق» دەپ چاقىرىشىغا كەڭ يول ئاچقانىدى.

ئەخمەت ئۆزىنى ھەرگىزمۇ بىكارچى دەپ ھېسابلىمايتتى، چۈنكى ئۇ كىتاببازلىق قىلاتتى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەپسانە ــ رىۋايەتلەر بىلەن تولغان جەڭنامىلەرنى، تەبىرنامىلەرنى ۋە پالنامىلەرنى كۆپ كۆرەتتى. كىتاب ئوقۇشنى باشلا ــ باشلىمايلا، ئىزدەپ يۈرۈپ قېرى كىشىلەر ئوقۇغاندا تارتىۋالىدىغان كۆزەينەكتىن بىرنى تېپىپ قىممەت باھادا سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كۆزگە ئەينەك تارتىپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولدى. ياش تۇرۇپ قېرى كىشىلەردەك ئەينەك تارتىپ كىتاب ئوقۇغانلىقىنى يوچۇن كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن قولۇم ــ قوشنىلار «ئەخمەقنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق» دېگىنى راست گەپ ئىكەن، دېيىشىپ ئۇنىڭدىن يىرگىنىشەتتى.

ئۇنىڭ ھەممىدىن قاملاشمىغان يېرى شۇكى، جەڭنامىلەردىكى ھەرقانداق ئەپسانىلەرنى سەلبىي دەرسلىك سۈپىتىدە كۆرمەستىن، راست دەپ ئىشىنىپ قالاتتى. جەڭنامىلەردىكى ھەييار ــ كەمەكلەرنىڭ يەرنى بىر تېپىپلا بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كېتىدىغان، بىر دوملاپ كەپتەر، لاچىنغا ئۆزگىرىدىغان كارامەتلىرىنى ئوقۇغاندا، بۇ ئىشلارغا قىزىقىپ ھەر خىل تاتلىق خىياللارغا بېرىلەتتى. بەزىدە خۇددىنى يوقاتقاندەك خىلۋەت جاينى تاپقاندا، يەرنى تېپىپ ئاسمانغا سەكرەپ قوياتتى. لېكىن ئاران

ئىككى غېرىچ كۆكلەپ يەنە ئىز جايىغا قايتىپ چۈشكەندە، ئۆزىچە مەيۈسلىنىپ توختاپ قالاتتى. بەزەن پالۋانلارنىڭ ئاجايىپ كۈچ – قۇۋۋەت-لىرى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاش پالۋان بولغۇسى كېلەتتى. جەڭنامىلەردىكى ئەپسانە پالۋانلاردەك دەرەخلەر-نى يۇلۇۋالغۇسى، يوغان تاشلارنى ئاسماننىڭ قەرىگە ئېتىپ ئوينىغۇسى، ئىككى تاغنى ئىككى قولىغا ئېلىۋېلىپ بىر – بىرىگە ئۇرۇپ سوقۇشتۇرۇپ كۇكۇم – تالقان قىلغۇسى كېلەتتى. مۇمكىنچىلىكى يوق بولغان بۇ ئىشلارنى ئۇ خىيال قىلىپلا قالماستىن، بەلكى راستىنلا شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

لېكىن بىر جەڭنامىدىكى «مىس تەنلىك پالۋان» ئۇنىڭغا خېلىلا تەسىر قىلىپ قالدى. جەڭنامىدىكى مىس تەنلىك پالۋان ئەسلىدە گۆش تەنلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ھەر كۈنلۈك تاماقتا بىر مىسقالدىن مىس كېپىكى قوشۇپ يەپ مىس تەنلىككە ئايلانغاندىن كېيىن، جەڭلەردە ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى قىلغان ئەپسانە ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، خېلى دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرگەنىدى. شۇنىڭدەك بۇ ئۇسۇل ئورۇنداشقا ئاسان تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇ، ئاسان يول بىلەن چاپسانلا مىس تەنلىك پالۋانغا ئايلىنىش قارارىغا كېلىپ، مىس ئېكەكدەپ بىر ۋاخلىق تاماقتا بىر مىسقال-دىن مىس كېپىكى قوشۇپ كاپ ئېتىشكە باشلىدى. ھېلىمۇ ياخشى مىس كېپەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تاماقتا ئارىلىشىپ چىقىپ كېتەتتى، ناھايىتى ئاز قىسمىلا ئاشقازان تىۋىتلىرىگە چاپلىشىپ قالاتتى، شۇنىڭ تەسىرىدە ئۇ ئاشقازان ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانىدى، ئاغرىقنىڭ دەردىنى ئەلۋەتتە ئۆزى تارتاتتى، لېكىن بۇ ئاغرىقنى ئېغىزدىن چىقىرىپ كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولماسلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. كېسەلنىڭ كېلىش سەۋەبىنى كىمگىلا ئېيتسا، ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغان-لىقىنى ئۆزى چۈشىنەتتى، شۇڭا ھېچكىمگە ئېيتالمايتتى. ھەتتا تېۋىپ ئالدىغا بارغاندىمۇ، «مەيدەم ئاغرىيدۇ» دېگەندىن باشقا گەپنى قىلماي دورا ئالاتتى. «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا» دېگەندەك، ئۇنىڭ قانچى-لىك ئازاب تارتىۋاتقانلىقى چىرايىدىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

خۇددى يىڭنە يۇتۇۋالغاندەك، كۈندىن ـ كۈنگە ھالسىرلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەخمەقلىق، شۇ تەقلىدتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆكلەپ كامالەت تاپقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان جامائەت، ئۇنىڭ ئەسلى ئېتىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق، يۈزىدىن ـ يۈزىگە «ئەخمەق» دەپ چاقىرىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ كۆڭلىدە قايىل بولمايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئەل ئۇنى چۈشەنمەيۋاتاتتى، ئەلگە ئۆزىنى تەلتۆكۈس تونۇتۇپ قويۇش زۆرۈر ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئاجايىپ مۆجىزە يارىتىش، مۆجىزە ئارقىلىق ئۆزىنى راۋۇرۇس تونۇتۇپ قويۇش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى.

ئۇ ئەمدى مۆجىزە يارىتىشقا بەل باغلىدى. بۇ مۆجىزە «باغدادى رەمەل» ناملىق كونا، خۇراپىي رەمباللىق كىتابىدىن تېپىلغان ئاجايىپ «مۆجىزە» بولۇپ، بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئانچە كۆپ كۈچ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ يېگانە شەرتى گۆش، ياغدىن پەرھىز تۇتۇپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، سىر تۇتۇپ مەخپىي ئىشلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، بۇ ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى خوتۇنى ھاۋاخانغا ئازراق بولسىمۇ ئېيتىپ ۋاقىپلاندۇ-رۇپ قويماقچى بولدى.

— مەن مۆجىزە ئىشلەتمەكچىمەن! — دېدى ئۇ خوتۇنىغا مەسلىھەت تەرىقىسىدە، — بۇ چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، شۇ چاغدا ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. ھازىرچە مەخپىي سىر تۇتۇلىدۇ، بۇنى ھەرقانداق كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدۇ، ئاغزى بوشلۇق قىلىپ قوشنىلارغا سۆزلىگۈچى بولماڭ. ناۋادا سۆزلەپ قويسىڭىز، ئايەت ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ مۆجىزە چەتنەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگىمۇ ھازىرچە ئېيتماي تۇرىمەن.

ھاۋاخان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاچچىقى كېلىپ بوغۇلغان ھالدا ئاڭلاپ چىقتى. ئۇ خۇددى غورا چىشلىۋالغاندەك قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزىگە قانداقتۇر بىر خىل مەسخىرە ئارىلاش قاراپ:

— سىز قىلغان نۇرغۇن ئىشلارغا ھەمىشە ھەيران بولۇپ كېلىۋا-تىمىز، — دېدى ئۇ سىلىق ئەمما مىخنى يۇلۇۋالغۇدەك ئاچچىق تەلەپ-پۇزدا، — ھازىر قولدا پۇل ئاز قالدى، شۇنى دەسمايە قىلىپ بىرەر دۇكان ئاچامسىز ياكى بىرەر ھۈنەر قىلامسىز، ۋاقتىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش-



www.uyghurkitap.com

-نىڭ يولىنى تاپساق بولاتتى. ھازىر بىز كۆپىيىپ تۆت جان بولۇپ قالدۇق، ساتىدىغان نەرسىلەرمۇ تۈگىدى.

ئەخمەت ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلايتتى، ئەمما كۆڭلىدە: «ئايال كىشى نادان كېلىدۇ، ئورۇنسىز كايىشىۋېرىدۇ» دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا ئېغىر كۆرمەستىن چۈشەنچە بېرىپ:

— بۇ قېتىم چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ئىشقا ئانچە كۆپ كۈچ كەتمەيدۇ؛ ۋاقىت جەھەتتە ئاران قىرىق بىر كۈنلا ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ جەرياندا ئىچىدىغىنىم داغ قايناق سۇ، يەيدىغىنىم قۇرۇق نان. رىيازەت چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق، بۇنىڭغا ئازراق جاپا چېكىشىم كېرەك. سىز ماڭا قايناق سۇ، نان تەييارلاپ بېرىش بىلەنلا ياردەم بېرىپ تۇرىسىز. مۆجىزە ۋۇجۇدقا چىققاندا كارامىتىنى كۆرۈپ ئاندىن، ھە... دەپ قالارسىز، — دېدى.

تاماق يېۋاتقۇچى كىشى ئىشىغا چۈۋىن چۈشۈپ قالسا غىققىدە بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ ئەخمىقانە چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغان ھاۋاخان غىققىدە بولۇپ بوغۇلۇپ قالغاندى. شۇڭا ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن، جىم تۇرۇۋېلىپ تاقابىل تۇردى.

ئەخمەت شۇ كۈندىن باشلاپ، بىر ئۆيىنى غۇۋا قاراڭغۇلاشتۇرۇپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى باشلىدى. قاراڭغۇ ئۆيدە ئۇ، «باغدادى رەمەل» دە كۆرسىتىلگەن يىگىرمە ئايەتنى قىرىق بىر مىڭ تۆت يۈز قىرىق بىر قېتىم ئوقۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كىرىشكەنىدى.

ئۆيدە باشلانغان بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن ھاۋاخان ئۇنىڭ بىلەن قىلچە كارى بولماستىن، باللىرىنى بېقىپ يۈرۈۋەردى. قورسىقى ئاچقاندا ئەخمەت ئۆزى چىقىپ، قايناق سۇغا نان چىلاپ ئىچىپ، تەرەت يېڭىلاپ يەنە كىرىپ كېتەتتى ۋە قاپاققا چۈشكەن ھەرىدەك بوغۇلداپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئارىدىن ئوتتۇز كۈنلەر ئۆتكەندە، بۇ ئەخمەق ئادەم خۇددى گۆردىن ئېچىۋالغان ئۆلۈك قىياپىتىگە كىرىپ قالدى. بۇ رىيازەتنى ئۇ ئۆزى ئىختىيار قىلغان بولغاچقا، باشقىلار ئۇنىڭ ھېچقانچە ئېغىرلىق بىلىنمەيتتى.

قىرىق بىر كۈن تولغان كۈنلەردە، هاۋاخان ئۆيدە ئۈگرە كېسىۋاتات-
تى. ئەخمەت ۋەزخانلىق قىلغان ئۆيدىن چىقىپ هاۋاخان يار ئۈگرە
كىردى. ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ
ئاستا مېڭىپ هاۋاخاننىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى. هاۋاخان ئۇنىڭ خۇددى
ئوغرى مۈشۈكتەك مارىلاپ كىرگەن غەلىتە هەرىكەتلىرىنى ئاللىقاچان
كۆرگەن بولسىمۇ، ئاچچىقى كېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قولۇمنى كېسىۋال-
ماي دەپ ئېتىبار قىلماستىن، ئۈگرىسىنى كېسىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئەخمەت
ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ نېمە ئۈچۈندۇر پىسىڭگىدە كۈلگەندىن كېيىن:
— مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— قاچان! — دېدى هاۋاخان ئۈگرە كېسىشنى توختىتىپ.
— هازىرچۇ؟
— كۆردۈم.
— راستىڭىزنى ئېيتىڭ، زادى مېنى كۆرۈۋاتامسىز، يوق؟
— هە... سەنزە نەچچە ۋاقتىن مۇشۇ ئىشقا تۇتـۇش قىلغانىكەند-
سەن ـ دە، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان غايىب ئادەم بولماقچىكەنسەن ـ دە،
ۋاي خۇدايىم ئەمدى قانداق قىلاي! — هاۋاخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي
قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— ۋۇي، ئاستا كۈلۈڭ، ئاۋازىڭىزنى پەسلىتىڭ! — ئۇيان ـ
بۇيان قاراپ جىددىيلەشكەن هالدا هاۋاخاننى كۈلۈشتىن توختاتماقچى
بولدى.
ئۇ، مەغلۇپ بولغانىدى. ئەمما مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەستىن، بۇنىڭغا
ئوقۇغان ئايەتنىڭ سانى تولۇق توشمىغانلىقى سەۋەب بولدى، دەپ تونۇ-
غان ئەخمەت، كەم ساننى تولدۇرۇش ئۈچۈن يەنە تۆت يۈز قىرىق بىر
قېتىم ئوقۇماقچى بولدى.
ئەخمەت بۇ قېتىمقى مۆجىزىنى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت
دۇنياسىدا ئەۋج ئالغان خۇراپاتلىق بۇلغىنىشلارنىڭ مەهسۇللىرىدىن بىرى
بولغان «باغدادى رەمەل» ناملىق پال كىتابىنىڭ سېهىرگەرلىككە دائىر
بابىدىن تاپقانىدى. ئۇ كىتابتا ئادەمنىڭ ئايەت بىلەن كۆزدىن غايىب

بولىدىغان نەچچە خىل فورمۇلىسى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ھەمدەم خىيال ئەخمەت ئۇنىڭدىن بىرىنى ئەگگۈشتەردەك ساقلاپ كېلەتتى. ئۇ ئەمدى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇش، مۆجىزە ئارقىلىق ئۆزىنى راۋۇرۇس تونۇتۇش ئۈچۈن، ئېتىكاپقا ئولتۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇغاندى. ئەپسۇسكى، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ مەڭگۈ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان خام خىيال ئىكەنلىكىنى، خۇراپاتلىق ئادەملەرنى كاردىن چىقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. لېكىن بۇ ئەخمەق مەغلۇبىيىتىگە، ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئاچچىق ساۋاقلارغا تەن بەرمەي، يەنە بىر كېچە ــ كۈندۈز تولۇقلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن، ھاۋاخان بار ئۆيگە يەنە ئىلگىرىكى ئىسكەتتە ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپ كىردى. ھاۋاخان ئۇنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا ئاچچىقى كېلىپ ئېتىبارسىز ئولتۇراتتى. ئۇ، ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ:

ــ كىرگىنىمنى كۆردىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ھاۋاخان ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ بىرئاز جىم تۇرۇۋالغانىدى.

ــ كىرگىنىمنى كۆردىڭىزمۇ؟ ــ دەپ قايتا سورىدى ئۇ.

ــ كۆردۈم، ئوغرى مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ تۇرۇپسەن! ــ دېدى ھاۋاخان ئاچچىقى بىلەن. ئەخمەت شۇئانلا ئۆيدىن چىقىپ يەنە ئىستىقامەتخانىسىغا كىرىپ كەتتى...

ــ توۋا، ــ دېدى ھاۋاخان ياقىسىنى تۇتۇپ، ــ ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان خۇراپىي كىتابلىرى ئۇنى راستتىن ساراڭ قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ. مۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، يىغىۋالغان خۇراپىي كىتابلارنى ئوچاققا تىقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتىم!...

ئەخمەت ئىككى كېچە ــ كۈندۈز تولۇقلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپ ــ دەسسەپ ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھەرىكەتلىرى، چىرايىدىكى جىددىيلىكلەر ھەرقانداق كىشىنى ھەيران قىلغاندىن تاشقىرى، بۇنىڭغا قانداق تارتقۇلۇق چاپلاشقاندۇ؟ دەپ ئىچ ئاغرىتىدىغان تەسىراتمۇ پەيدا قىلاتتى. ئەخمەت نېمىكى بولسا ھاۋاخاننىڭ ئېرى، پاكىز چوڭ بولۇۋاتقان ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى ئىدى. بۇنى نەزەردە تۇتقان ھاۋاخان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش

قىلىپ قويماقچى بولدى. بەلكى بۇنىڭ بىلەن ئىستىقامەتتە ئولتۇرىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتتىن توختاپ قالار، دەپ ئويلىغانىدى ئۇ.

ئەخمەت ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ، خۇددى ئانىسىنىڭ ئالدىدا تەخسىنى چېقىپ قويغان كىچىك بالىدەك ئاھانەت چەككەن بىر تەرزدە:

ـــ مېنى كۆردىڭىزمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ھاۋاخان يالغان ـ ياۋىداق چۆچۈپ:

ـــ ياق كۆرمىدىمغۇ! سىز كىرگەنمىتىڭىز؟ پەقەت كۆرۈنمەيۋاتىدىسىز، توۋا، ئاخىر مۆجىزە ۋۇجۇدقا چىققان ئوخشايدۇ! ـــ دېدى ئۇ، كۆلمەستىن چىرايىغا ھەيران بولغان تۈس ئېلىپ.

ئەخمەت بۇ قېتىم ھاۋاخاندىن، ياق، ئۆز مۆجىزىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ ئۆنۈم بەرگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇش بولغانىدى. لېكىن ئۇ، زىيادە خۇش بولۇش كېلىدىغان ئاپەتنىڭ بېشارىتى دېگەننى ئويلاپ، بەك سەكرەپ كەتمەستىن، يەنە ئىستىقامەت ئۆيىگە كىرىپ شۈكرانىسىگە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئۇ، ئەمدى ئۆز ئېتىقادى بويىچە «بول غايىب» دېسە غايىب بولىدىغان، «قال غايىب» دېسە، غايىبلىق پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدىغان مۆجىزە ئىگىسى بولۇپ قالغانىدى... ئۇ، ئەمدى ئۆز كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇشنى ئويلايتتى. يەكشەنبە، بازار كۈنى ئىدى. شەھەر كوچىلىرى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدە دېڭىزدەك چايقىلاتتى، سودا ـ سېتىق قىزىغانىدى. ئەخمەت ئۆز كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ قىزىق بازارنى ئايلىنىشقا باشلىدى. كوچىلارغا پاتماي قالغان شۇنچە كۆپ ئادەم، ھەر كىم ئۆز سودىسى بىلەن بولغاچقا، بىرىگە قاراشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى. قولىدا ھېچ نەرسىسى يوق بازار ئايلىنىۋاتقان ئەخمەت بىلەن تېخىمۇ كارى بولمىدى. ھازىرلا كۆردىن ئېچىپ كەلگەندەك كۆرۈنگەن مۆجىزە ئىگىسىگە ھەققەتەن ھېچكىم نەزەر سالمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغانلىقىغا دىققەت قىلغان ئەخمەت شۇ پەيتتە ئۆز كارامىتىنىڭ خاسىيىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتىمەن، دەپ چۈشەنگەنىدى.

ئۇ، ئەمدى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا قادىر ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ شىپۇن تاۋارلىرىنى ئالسىمۇ، ناۋايلارنىڭ غەللە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭسىمۇ، يېزىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئات ـ ئېشەكلىرىنى باغلاپ قويغان يېرىدىن يېشىپ ئېلىپ ماڭسىمۇ، شەھەرلىكلەرنىڭ بېقىۋاتقان بورداق قويلىرىنى يېتەكلەپ ماڭسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئاخشاملىقىقا چوڭ دۇكاننىڭ ئىچىدە قېلىپ كېچىچە ئالدىغاننى ئېلىپ، ئەتىسى دۇكان ئېچىلغاندا بەخۇدۇك قايتىپ چىقىسىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى. قىسقىسى، مۆجىزە ئىگىسىنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلەتتى. ئۇ شۇنداق مەست قىلغۇچ خىياللار ئىچىدە زەرگەر بازىرىغا كېلىپ قالدى. زەرگەرلەرنىڭ كىچىك دۇكىنى ئالدىدا ياسىلىپ بولۇنغان ئالتۇن ھالقىلار، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكلەر پىلدىرلاپ تۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن ئەخمەت باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ھاۋاخاننى خۇش قىلىش ۋە ھەيران قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېسىگە ئالدى. ئالدىدىكى زەرگەر دۇكىنىدا بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا پىلدىر-لاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى دەرھال شۇنىڭغا چۈشتى.

— بۇ ھالقىنى ئېلىپ ئاپىرىپ ھاۋاخاننىڭ قۇلىقىغا تۇيدۇرماستىن سېلىپ قويسام قانداق ھەيران قالار! — دېدى ـ دە، ئىككىلىنىپ تۇرماستىن، زەرگەرنىڭ دۇكىنى ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. كۆزەينەك تارتىپ ئىنچىكە ئىش قىلىۋاتقان زەرگەر ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن بەند ئىدى. زەرگەرنىڭ مۇنداق بىپەرۋالىقىغا قاراپ بۇ كىشى مېنى كۆرمەيۋاتىدۇ، دەپ ئۆز كاراستىگە تېخىمۇ ئىشەنگەن ئەخمەت بىر جۈپ ھالقىنى ئېلىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. تېخى ئون قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، ئۇچقاندەك كەلگەن زەرگەر ئۇنىڭ گەجگىسىگە چاڭگال سېلىپ راسا كۈچەپ تارتىپ، ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالدى. «نەگە ئېلىپ ماڭىسىز!» دېدى زەرگەر، ئارقىمۇئارقا بىرقانچىنى ئۇرۇۋەتتى. ئەخمەتنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن قان كەتكەنىدى. قانچە ۋاختىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن ئەخمەت، ئېتكاپتا ئولتۇرۇپ ئەپسۇنگەرلىك بىلەن ئاجىزلاپ كەتكەن ئەخمەت، زەرگەرنىڭ قاتتىق قولىدا خۇددى سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى. بىردەمدە نۇرغۇن ئادەم توپلاندى. كۈپكۈندۈزدە، ئوچۇق

بازاردا ئوغرىلىق قىلغان بۇ ئەبگار ئوغرىغا غەزىپى كەلگەن ئاما، ئۇنى ئۇر ـ ئۇر قىلىپ ئەبجىقىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، بەختكە يارىشا خەلق ساقچىلىرى كېلىپ قالغانىدى.

خەلق ساقچىلىرى ئۇنى شۇئانلا ساقچى ئىدارىسىگە ھەيدەپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىنىڭ قاتتىق جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەخمەت، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوراقچىنىڭ ئالدىدا ئۆز مۆجىزىسىنى سۆزلەپ، خەلق ساقچىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن بىر توپ خەلقنى ھەيران قالدۇردى.

—— پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى ئالتۇن دەۋردە يەنە مۇنداق ئەخمەق ئادەملەر بولىدىكەن، —— دېيىشكەن ئاۋام، بۇ مۆجىزە ئىگىسىنى ئەمگەك ـ ئىشلەپچىقىرىشقا ئادەتلەنەندۈرۈپ، مۇنداق ئەخمىقانە يولدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى پىكىر قىلىشتى.

# بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى

1

— بىزگە تاغنى يۇدۇتۇپ قويسا كۆتۈرىمىزكى، يوغانچىلىق قىلغانـ
نى كۆتۈرمەيمىز!

شەھەردە بىردىنلا مۇشۇ گەپ پەيدا بولدى، ھەممىلا يەردە شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. بۇ 1927 ـ يىلى كۈزدە پۈتۈن قەشقەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرـ
گەن بىر قىتىملىق كۈچلۈك شاۋقۇن ئىدى.

— بىزگە شۇنداق يوغانچىلىق قىپتۇمۇ!

— پەرەڭ[1]دېگەن ئۆزى قانچىلىك خەق ئىكەن!

— تۇرسۇن ئەپەندىم[2]ئېكساققا كېتىپتۇ.

— كەلسۇن، يوغانچىلىق قىلغانلارغا ئۆزىمىزنى راۋۇرۇس تونۇتۇپ قويمىساق ھېساب ئەمەس!

غۇلغۇلا ھېيتگاھدا، يارباغ دەرۋازىسى، قۇمدەرۋازىسى، تۆشۈكدەرۋاـ
زىسى، ئومۇمەن بەش دەرۋازىنىڭ ھەممىسىدە، نەزەرباغ، قورغان، سەمەندە گۈرۈلدىمەكتە. ھەممىلا ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇپ سۆزلەشمەكتە. ھەممىلا ئادەمنىڭ زەردىسى قايناپ فونتاندەك ئۆرلىمەكتە. خۇددى ھەيۋەتـ
لىك دېڭىزدەك چايقىلىپ ئۆكزە بويى، تېرەك بويى دولقۇن ياساپ، قەھرى بىلەن قىرغاقلارغا سوقماقتا!

---

① پەرەڭ — شۇ زامانلاردا ئومۇمەن ياۋروپالىقنى پەرەڭ دەيتتى.

② تۇرسۇن ئەپەندى — خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان مۇئەللىم.

بۇ قەدەر زور دولقۇننىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى:
شۇ كۈنلەردە بىر توپ چەت ئەللىكلەر ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن، چىنباغ تەرەپتە پۇتبول تېپىپ كۆڭۈل ئاچـاتـتى. ئـۇلارنىڭ كىيىۋالـ-غان ئالا ـ بالداق تەنھەرىكەت كىيىملىرى، پاس، ئوكې... دەپ ۋارقىراش-لىرى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. مەيدان چۆرىسىگە ئولاشقان بىر توپ باللار بۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئاسمان ـ پەلەك ئۆرلىتىپ تەپكەن توپلىرىغا، ئۆزئارا پاس قىلىشىپ ئۈستىلىق بىلەن چىقارغان فوكۇسلىرىغا، توپقا كاللا قويۇپ ئويناشلىرىغا، قاقاقلاپ كۈلۈپ ۋارى ـ ۋارى قىلىشلىرىغا، بىرەر توپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەپكەنلەرنىڭ تەلۋىلەرچە سەكرەپ تەنتەنە قىلغانلىرىغا، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ قەشقەر ئادىتىگە يات بولغان گەپ ـ سۆز ۋە قىلىقلىرىغا قىزىقىپ قاراپ تاماشا قىلاتتى.

تەنھەرىكەتچى تەپكەن بىر توپ تاماشا كۆرۈۋاتقان باللارنىڭ ئالدىغا قاڭقىپ كەلدى. ئەمما توپنىڭ ئىگىسى يېتىپ كەلگۈچە بىر بالا بۇ توپنى تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ تېپىۋىدى، توپ ئاسمان ـ پەلەككە ئۆرلەپ يىراق بىر جايغا قاڭقىپ كەتتى. تەنھەرىكەتچى قاتتىق خاپا بولۇپ:

— ساڭا توپ تەپكىن، دەپ كىم ئۆگەتتى... توپ تېپىمەن دېگۈچە بېرىپ ئۇجمەڭنى تېرىپ يېسەڭچۇ! — دەپ بالىنى سەنلەپ سىلكىشلە-دى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. بىرمۇنچىلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى:

— ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل!

— نېمانداق يوغانچىلىق قىلىدۇ ماۋۇ ھۆپۈپ!

تەرەپ ـ تەرەپتىن چاڭقىلىدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ۋىلىخانبەگ[1] ئىسىملىك بىر كىشى بۇ گەپكە ئارىلاشماي تۇرالمىدى:

— مىستىر جاناب، ئۇنچىۋالا قوپال سۆزلەشنىڭ نېمـە ھاجىـ-تى، — دېدى سىپايىلىك بىلەن.

---

① ۋىلىخانبەگ — باھاۋۇدۇنباينىڭ سودا باشقۇرغۇچىسى.

— ھە جاناب، سز نېمە دېمەكچى بولسىز! — سپورتچى يوغانچىلىق بىلەن گۆركىرەپ سۆزلەيتتى، — توپ دېگەننى ھەممە ئادەم تەپسە بولىدۇ دېمەكچىمۇسىز! ئۇنداق بولغاندا ئۇجمە تېرىپ يەيدىغان ئادەم قالماسمىكىن!

— ھەرقايسىڭلار قەشقەرنىڭ ئۈجمىسىنى تېرىپ يېگىلى كەلگەن تۇرساڭلار، ئۇنىڭدىن بىز نېمە غەم قىلاتتۇق!

ئاما ئىچىدە پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. توپچى ئوڭايسىزلىنىپ ئىككى يېنىغا قاراپ تەمترەپ قالدى. ئاڭغىچە ئىككى توپچى كېلىپ ئۇنى چاقىردى.

— خارت، يۈر كېتەيلى!

خارت ئۆز ئادەملىرىگە قاراپ قول ئىشارىتى بەرگەندىن كېيىن، ۋېلىخانبەگكە بۇرۇلۇپ:

— ئەپەندىم، توپ تەپكۈدەك ئادەملىرىڭىز بولسا مەرھەمەت، ئەكېلىڭ! — دېدى.

— مۇسابىقە ئېلان قىلىمىز، قوبۇل قىلالامسىلەر! — دېدى ۋېلىخانبەگ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— مەرھەمەت، مەرھەمەت! — دېدى - دە، خارت دوستلىرى بىلەن يىراقلاپ كېتىپ قالدى.

— گەپ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن! — دېدى ۋېلىخانبەگ ئۇلارغا ئاڭلىتىپ.

شەھەر مۇشۇ سەۋەبتىن دېڭىزدەك شاۋقۇنلانغانىدى.

2

ۋېلىخانبەگ ئېتىنى يورغىلاتقان پېتى خانلىق مەدرىسىگە كەلدى. تۇرسۇن ئەپەندى شۇ يەردە ئىدى. ئىككىسى بوگۈنكى ۋەقە ئۈستىدە سۆزلىشىپ بىر نۇقتىغا كەلگەندىن كېيىن، تۇرسۇن ئەپەندى ئاتۇش ئىكساققا بېرىپ ئۇ يەردىكى پۇتبول ھەۋەسكارلىرىنى تەشكىللەپ مۇسابە-

www.uyghurkitap.com

قىگە تەييارلىق كۆردى.

ئېكساق پۇتبول كوماندىسى ھەپتە — ئون كۈن تەييارلىق قىلىپ قەشقەرگە كەلگەن كۈنى پۈتۈن شەھەر ھاياجانلىنىپ تەۋرەپ كەتكەنىدى:

— تۇرسۇن ئەپەندىم كەپتۇ!

— ئېكساق توپچىلىرىدىن خىللاپ كوماندا تەشكىللەپتۇ!

— پەرەڭ دىگەنلەرنى «ۋاك» دىگۈزىمىز دەپتۇ!

ھاياجانلانغان شەھەردە كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ھەر خىل سۆزلەر سەلدەك ئاقماقتا ئىدى...

ۋېلىخانبەگ بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى ئىككىسى يارباغ دەرۋازىسىغا كېتىدىغان چوڭ رەستىدە پەيدا بولدى، ئۇلار كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئىدى. رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكاندارلامۇ ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى روھىي قىياپىتىگە قاراپ مەمنۇن ئىدى. ئۇ ئىككىسى رەستىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن كېلىپ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ سودا ۋاكالەتخانىسىغا كىرىپ كېتىشتى. بۇ يەردە پۇتبول مەستانىلىرىدىن بىرقانچىسى خىزمەت قىلاتتى.

— ئەتكەنلىكىڭىزلەر قۇتلۇق بولسۇن! — دىدى ۋېلىخانبەگ دۇكانغا كىرىپلا. ئاندىن باش لىڭشىتىپ ئامانلاشقاندىن كېيىن مۇددىئاسىدىن سۆز ئاچتى، — بىز مۇسابىقىگە چىللاپ كەلدۇق!

— سىزلەر راستتىن شۇنداق قىلماقچىمۇ! — دىدى خارت تەئەججۈپلىنىپ (ئۇ ئۇيغۇرچىنى ئوبدان تەلەپپۇز قىلاتتى).

— بىزدە گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن دەيدىغان بىر گەپ بار!

— بىز قەشقەرلىكنىڭ گېپىدە تۇرمىغان ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر داس كۈل ئەكېلىپ قويىدىغان ئادىتىمىزمۇ بار! — دەپ قوشۇمچە قىلدى تۇرسۇن ئەپەندى ۋېلىخانبەگنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ.

— ئەگەر گەپلىرىڭىز راست بولسا...، — خارت بىرئاز دۇدۇقلاپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— مۇسابىقىنى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق ئوينايمىز دەۋاتامسىزلەر! — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى جېك ئىسىملىك يەنە بىر خادىم، گويا ئۇ، بۇ

سۆزى بىلەن ئۇگايىسىزلىنىپ قالغان خارتقا ياردەم قىلماقچى بولغاندەك داۋام قىلدى، ــــ بىزنىڭ ياۋروپادا بىرەر مەيدان توپ مۇسابىقىسى ئويناش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ ستېرلىڭ سەرپ قىلىنىدۇ.

ــــ ئەگەر شەرت قويىسىڭىز بىزمۇ تەڭگە تىللا چاچقۇ قىلالايمىز.

ــــ بىزنىڭ جانابىي كونسۇلمىز، ئەگەر قەشقەرلىكلەر بىرەر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسىگە چۈشكۈدەك سالاھىيەتكە ئىگە بولسىلا ئاشۇ سالاھىيىتى ئۈچۈن كۈمۈش ئېگەرلىك بىر دانە ئات تارتۇق قىلىمەن دېگەن!

ــــ جانابىي كونسۇل خاتا ئويلاپتۇ. تارتۇق دېگەننى يەڭگەن كوماندىغا بېرىش كېرەك!

ــــ كونسۇل جانابلىرى سىزلەردە شۇنداق سالاھىيەتنىڭ يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى كېرەك!

ــــ پۇتۇنلەي خاتالىشىدۇ. بىز مۇسابىقىدە قارشى تەرەپنى يېڭىپ، تولۇق غەلىبە قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنى تارتۇق ئېلىشقا ھەقلىق دەپ تونۇيمىز!

ــــ گەپ چوڭ ئەمەستۇ!

ــــ ئاساسسىز گەپ قىلىۋاتقىنىمىز يوق، خاتىرجەم بولۇڭ، مىستىر جاناب!

ــــ سىلەر راستتىن شۇنداق قىلماقچىمۇ!

ــــ سىزلەر قاچانغىچە يوغانچىلىق قىلىپ بىزلەرنى كۆزىڭىزگە ئىلماي ئۆتمەكچىسىزلەر؟

ــــ بىزنىڭ ئۇلۇغ بىرتانىيىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىمىزنى چۈشىنىدىغانسىزلار!

ــــ بىزنىڭ ئۇلۇغ قەشقەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمىزنى ئەسلەتتىپ قويساق قانداق!

جانابىي جىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، دەل يېرىگە تەگكەن ساداقنىڭ زەربىسىگە چىدىماي كۈلدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ، دەرمەھەل چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇ بىرھازا كۈلگەندىن كېيىن توختاپ:

ــــ خوپ، ئۇنداق بولسا كېلىشىم قىلايلى، سىلەر ئۇستاڭلار بىز

www.uyghurkitap.com

بىر دانە كۆمۈش ئېگەرلىك ئات تەقدىم قىلايلى، ئەگەر بىرگە ئۇتتۇرۇپ قويساڭلار سىلەر قانداق قىلماقچى؟ — دېدى.

— بىز بىرگە ئىككى، قانداق دەيسىز؟ — دېدى ۋېلىخانبەگ دەرھال جاۋاب بېرىپ.

— سۆز ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بىراق مەيدان مەسىلىسى!

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەيدان بىزدىن!

— ئۇنداق بولسا كېلىشىپ قالدۇق!

— گەپ جايىدا چىقمىسا، شەرتىمىز شۇكى، ھاممامدىن بىر داس كۆل ئەكېلىپ ئۇتتۇرىغا قويىمىز. كېلىشىمگە كىم خىلاپ كەلسە، شۇ كىشى داستىكى كۆلنى بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك!...

دۇكاندا جىددىي ۋە ئاچچىق كۆلكە قوزغالدى. ۋېلىخانبەگ بىلەن تۇرسۇن ئەپەندىلەر تاكى كۆلكە ئاخىرلاشقاندىلا ئاندىن دۇكاندىن چىقتى.

3

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ۋېلىخانبەگ ئىككىسى ئاتلىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدىغان يەر ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇلار يېقىن ئەتراپنى ئايلىنىپ ئاخىر سەمەن نوبېشىدا ئولتۇرۇشلۇق نورۇز دېھقاننىڭ بېدىلىكىگە كۆزى چۈشتى. بۇ بېدىلىك پۇتبول مەيدانى قىلىشقا تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئىككى ئاتلىق مېھمان سالام بېرىپ ئاتتىن چۈشكەندە نورۇز دېھقان چەبدەس قەدەم تاشلاپ باراڭنىڭ ئاستىدىن چىقىپ مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ جايلاشتۇرغاندىن كېيىن بىساتقا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار بىساتقا ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلدى، ئاندىن قىسقىچە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن كېلىش مۇددىئاسىدىن سۆز ئاچتى.

— بىز ھاجەتمەن بولۇپ ھوزۇرلىرىغا كەلگەنتۇق! — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى، ئۇنىڭ چىرايىدىن جىددىي ھاجەتمەنلىك قىياپىتى

كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— خوش، مەرھەمەت، خىزمەتلىرىڭگە تەييارمىز! — دېدى نورۇز دېھقان ئۇچۇق كۆكۈللۈك بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— بىزگە سىلىنىڭ مۇشۇ بېدىلىكلىرى جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالغانتى، لەۋزىمىزنى ياندۇرماس، دەپ زور ئۈمىد بىلەن كەلدۇق! — دېدى ۋېلىخانبەگ مۇددىئاسىنى ئۇچۇق ئىزھار قىلىپ.

— ئايلانسۇن، ئايلانسۇن! — دېدى نورۇز دېھقان، پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، — ھېلىغۇ بېدىلىككەن، چاھارىيغىم بولسىمۇ ھەربىرلىرىدەك ئەزىزلەردىن ئايىماسمەن!

— رەھمەت، رەھمەت! — دېدى ھەر ئىككى مېھمان نورۇز دېھقانىنىڭ ھىممىتىگە تەزىم قىلغاندەك سەل - پەل ئېگىشىپ.

نورۇز دېھقانىنىڭ ئوغلى داستىخان كۆتۈرۈپ چىقتى.

— بۇ بېدىلىك قانچە چارەكلىك كېلەر؟ — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى چاي ئۇتلاۋېتىپ.

— ئازغىنا كەم ئون بەش چارەكلىك كېلەرمىكىن!

— بىز بۇ بېدىلىكنى ئىشلەتسەك جىق بولسا ئىككى كۈن ئىشلىتەرمىز، نېمىكى بولسا ئۈستىدىكى زىرائەت بىر قېتىم بۇزۇلىدۇ، دېسىلە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بىر چارەكلىك يەرنىڭ زىرائىتىگە ھېساب قىلىپ بەش چارەكتىن بۇغداي بېرىش قارارىغا كەلدۇق، بۇنىڭغا نېمە دەيلىكىن!

— نېمە دېيىشۋاتىلا؟ — بۇ سۆزلەرگە تەئەججۈپلەنگەن نورۇز دېھقانىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ۋېلىخانبەگ بۇ ئەھۋالغا قاراپ ئۆزئارا يالت ئېتىپ كۆز ئۇچراشتۇرۇۋال-غاندىن كېيىن سۆزلىدى:

— نېمە، ئاز كۆرۈۋاتاملا! — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى.

— يەنە ئون بەش چارەك قوشۇپ توقسان چارەك بۇغداي بەرسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ۋېلىخانبەگ.

— ياق، ئۇنداق دېمەي، ماڭا ئاۋۋال بېدىلىكنىڭ نېمىگە لازىم

بولۇپ قالغانلىقىنى ئوچۇقراق ئېيتىشسىلا! — دېدى نورۇز دېھقان سەممىي ئۆتۈنۈش قىلىپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر سىرنى يېشىش ئالدىدىكى تەقەززالىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— بولدۇ، ئوچۇق ئېيتساق، بىز بۇ يېدىلىكتە بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچىتۇق.

— مۇسابىقە! كىم بىلەن؟

— ئىنگلىزلار بىلەن!

— ھە، ھە مۇنداق دېسلە! — دېدى نورۇز دېھقان ئېچىلىپ، — مەن ئاڭلىغان، مەن ئاڭلىغان. ئوبدان بوپتۇ، ئوبدان بوپتۇ. ھەرقايسىلىرىنىڭ ھەممەتلىرىگە باركاللا! — نورۇز دېھقان ھاياجانلانغانلىقىدىن بىر دەقىقە سۆز تاپالماي قالغانىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تەپسىلىي سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن بۇ پەرەڭلەرنىڭ قىلغان يوغانچىلىقىنى ئاڭلىغانتىم، زەردەم قايناپ بىرقانچە كۈنگىچە كېچىلىرى راۋۇرۇس ئۇخلىيالماي چىقتىم... ئاپلا... بۇ يامان بولدى... بۇ خەق بىزنى قاچانغىچە كۆزگە ئىلماي بوزەك تاپىدۇ، قانداق قىلىشارمىز دەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم كاچاتلىغۇدەك بولۇپ، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي يۈرەتتىم. كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە تېۋىپئاخۇنۇم ئۆزى كەپتۇ، دېگەندەك ھەرقايسىلىرى بۇگۈن دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا بولۇپ جاراھىتىمنى ساقايتقىلى كېلىشىپلا، بۇنىڭغا مىڭ رەھمەت، ھەرقايسىلىرىنىڭ ھەممەتلىرىگە مىڭ رەھمەت! — ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — دەرەخ يىلتىزىغا تايىنىپ كۆكلىسە، ئادەم ھەممەتكە تايىنىپ كۆكلەيدۇ، دەيدىغان بىر گەپ بار. ھەرقايسىلىرى ھەممەت قىلىشىپلا، ماقۇل ئەمدى مەن ھەممەت قىلماي قاراپ تۇرامدىمەن! مەن بۇ يېدىلىكنى ھەرقايسىلىرىغا تۇتقىنىم، ھەق تەلەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەگەر مۇسابىقىدە پەرەڭلەرنى ئۇتۇپ ئۇلارنىڭ يوغانچىلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان بولۇشسىلا، ئەنە قۇربانلىققا ئاتاپ بېقىۋاتقان قارا باش قوچقار تۇرۇپتۇ، — نورۇز دېھقان سەينادا ئۇجمە تۈۋىدە باغلاقلىق تۇرغان قوچقارغا قاراپ داۋام قىلدى، — دەرھال بويىنىنى كېسىپ داستىخان

بىرشكە مانا مەن تەييار!

— رەھمەت، رەھمەت، ھەممەتلىرىگە رەھمەت! — دېيىشتى مېھمانلار تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ.

بۇلار ئولاش ـ چولاش بېدىلىككە چىقىشتى. ئۇيان ـ بۇيان قەدەملەپ پۇتبول مەيدانى بولغۇدەك يەرنى مۆلچەرلەشكەندىن كېيىن مېھمانلار خوش ئېيتىپ شەھەرگە قايتىشتى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە چىقىپ مەيدان راسلايمىز! — دېيىشتى ئۇلار مېڭىش ئالدىدا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا! — دەپ قويدى نورۇز دېھقان مېھمانلارنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرۇپ.

مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ھاياجىنىنى بېسىۋالالمىغان نورۇز دېھقان بۇ خۇش خەۋەرنى قولۇم ـ قوشنا، ئەل ـ جەمەتلىرىگە يەتكۈزدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا ئوندەك كىشى قوللىرىغا ئورغاق ـ كەتمەن ئېلىپ ئورۇشقا تېگىشلىك بېدىلەرنى ئوروپ يەرنى ئاچتى. ئوتتۇرىدىكى ۋە ئىككى ياقىدىكى پاسىل قىرلارنى بۇزۇپ تەكشىلەپ، ئوي ـ دۆڭ چوڭقۇرنى تۈزلەپ، باشتىن ـ ئاياغ كەتمەن بىلەن قىرىپ، راۋۇرۇس مەيدان ياساپ چىقتى.

ئەل ـ جامائەتنىڭ، نورۇز دېھقانىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ ھىممىتى ئەتىسى يەر تۈزلەشكە چىققان پۇتبولچىلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى!...

4

ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇسابىقە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. شەھەر خەلقى شۇ كۈنى سەمەن تەرەپكە سەلدەك ئاقاتتى. مۇسابىقە مەيدانىغا توپلانغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، بەزەن چوڭ ياشلىق كىشىلەر، ھەزرەتنىڭ سەيلىسىگىمۇ بۇنچىلىك كۆپ ئادەم توپلانماس، دەپ باھا بېرىشتى.

دەرۋەقە بۈگۈن ئادەم بەك كۆپ توپلانغانىدى. مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا

ئادەملەر سانجاق ــ سانجاق تۇرۇشاتتى. مۇسابىقە باشلىنىشتىن سەل ئىلگىرى ئىنگلىز ۋە شۋېت كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى كېلىشتى. ئۇلار كېلىپلا كىيىم يەڭگۈشلەپ مەيدانغا چۈشۈپ تەييارلىق خاراكتېرىدە مەشىق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى ھەر خىل رەڭلىك ئالا ــ بالداق تەنھەرىكەتچى كىيىملىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىن خۇددى رەڭلىك كىيىم كىيدۈرۈپ قويغان قونچاقلاردەك كۆرۈنەتتى. كوماندا تەركىبىدە ئاق سېرىق كەلگەن ئىنگلىزلار، قارامتۇل كەلگەن ئافغانىستانلىقلار، بىلەكلىرى يۇڭلۇق، ئېڭەكلىرىنى قويۇق ساقال باسقان ھىندىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىنگلىزچە زۇۋان بىلەن ۋارى ــ ۋارى قىلىشىپ، مەيداننى بېشىغا كىيىۋالغىلى قىل قالغانىدى.

قەشقەر ئېكساق كوماندىسىمۇ مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار كۆك لەمبۇتىن تىكىلگەن بىر خىل كىيىم كىيگەنىدى. كۆزنىڭ يېغىنى يەپ كەتكۈدەك بۇ ياش باللار، مەيدانغا چۈشۈپلا مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن تەييارلىق خاراكتېرىدە ھەرىكەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقانىدى.

ـــ ئەنە ئابلىمتخان، ئاۋۇسى ئەنۋەر!

ـــ ھەممىدىن ماموت دېگىنى يامان دەيدۇ!

ـــ بىر ــ بىرىدىن قېلىشمايدىغان نوچى باللار.

ـــ پەرەڭ دېگەننى «ۋاك» دېگۈزىدىغان بولدى!...

ئامما ئىچىدىن چىققان بۇ سۆزلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا تىلەكداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئىززۇۋشقا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىللە بىلەن يەنە بىرنەچچە خادىملار ئارغىماق ئاتلىرىغا مىنىشىپ كەلگەنىدى. ئۇلار مەيداننىڭ بىر تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇسابىقە رەسمىي باشلاندى.

مۇسابىقە باشتىلا جىددىي تۈس ئالدى. چەت ئەل كوماندىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ھەر خىل فىگۇرا ــ ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، گويا كۆزنى قاماشتۇرۇۋەتكۈدەك كىرىشىپ كەتتى. قەشقەر كوماند-

دىسمۇ بوش كەلمىدى. رەقىبكە قەيسەرلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى پەيدىنپەي سۇندۇرۇشقا باشلىدى.

— ئابلىمتخان ئۆزى ۋىجىك بولغان بىلەن توپ ئوينىتىشقا بەك ئۇستىكەن، پەرەڭلەرنى پىرە ئوينىتىۋەتتى!

— مامۇتنىڭ توپ تېپىشكە قاراڭلار، ھاۋانىڭ قەرىگە چىقىرىۋەت-تى!

— بېكتا تۇرۇۋاتقان ئەنۋەرمۇ يارايدۇ!

ئادىل ئاممىنىڭ بەرگەن ھەر خىل باھالىرى قەشقەر كوماندىسىغا كۈچلۈك مەدەت بولاتتى.

مۇسابىقە يېرىم سائەت بولا - بولمايلا قەشقەر كوماندىسى بىر توپ ئۇتتى. خەلق ئاممىسىدىن «ياشاپ كەت!» دەپ گۈرۈلدىگەن ئالقىش سادالىسى كۆتۈرۈلدى. بۇ سادا قەشقەر كوماندىسىغا يېتەرلىك مەدەت بېغىشلىغانىدى.

چەت ئەل كوماندىسى بىر مەزگىل ئالاقزادە بولۇپ، قۇيرۇقىنى تۇتالمىغان مۈشۈكتەك پىرقىراپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى. نومۇس كۈچىدىن يېرىلىپ كېتەي دەيتتى. بىر - ئىككى قېتىم توختاپ مەسلىھەت قىلىشتى. ھەر خىل يېڭى تاكتىكىلارنى قوللىنىپ يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ بىر توپ كىرگۈزدى. نەتىجە تەڭلەشتى.

مۇسابىقە جىددىي باسقۇچقا كىردى. ئىككى تەرەپ پۈتۈن ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ كۈرەش قىلماقتا ئىدى. چەت ئەل كوماندىسىدىكىلەر چىدىماسلىق قىلىپ، قەشقەر كوماندىسىنىڭ ئەڭ ياخشى توپچىلىرىنى قەستلەپ، زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار ئوچۇقتىن - ئوچۇق پۇتبول ماھىرلىرىنىڭ ئەجەللىك يەرلىرىگە تېپىۋېتىش، ئۆزىنى ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىش ۋە باشقا تەرتىپسىزلىكلەرنى قىلدى. تۇرسۇن ئەپەندى بۇ تەرتىپسىزلىكلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا قارشى تەرەپ كوماندىسىغا پىكىر قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆز كوماندىسىدىكى ئەزالارغا ھوشيار بولۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى.

ئىنگلىز كوماندىسى بىر توپنى ھەيدەپ كېلىپ، بىر تېپىش بىلەن

www.uyghurkitap.com

ۋاراتاغا كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولغاندا، قەشقەر كوماندىسىنىڭ ۋاراتارىسى توپ-نى ماھارەت بىلەن تۇتۇۋالدى. بۇ چاغدا ئىنگلىز كوماندىسىدىكىلەر ئۆزىنى ئۇرۇپ توپنى ۋاراتار بىلەن قوشۇپ كىرگۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇلدى. بۇ ئەھۋالدا ۋاراتار توپنى قۇچاقلاپ يەرگە دۈم يىتىۋالدى. قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى توپنى تېپىپ ئاجرىتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۈچەپ تەپكىلەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قاتتىق ئۆتۈكلىرى توپقىمۇ، ئادەمنىڭ باش - كۆزلىرىگىمۇ تېگەتتى. بۇ قائىدىسىزلىك ھەرىكەت چىدىماسلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى. تاماشىبىنلار ئىچىدىن بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈلدى. تەرەپ - تەرەپتىن ئۇلارنى ئەيىبلىگەن ئاۋازلار، نارازىلىقلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار بۇ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى ئېلىشىش تېخىمۇ كەسكىن بولدى. چەت ئەل كوماندىسىدىكىلەر قەست قىلىش ئىشلىرىنى بىردەممۇ توختاتقىنى يوق. قەشقەر كوماندىسىدىكىلەر ھەر قەدەم، ھەربىر ھەرىكەتتە چېۋەرلىك قىلىپ قەست قىلغانلارنى پەس قىلدى. خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ مۇنداق چېۋەرلىكلىرىنى «بارىكاللا» توۋلاپ مەدھىيىلەپ تۇردى. مۇنداق قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە قەشقەر كوماندىسى يەنە بىر توپ كىرگۈزۈپ بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن تولۇق غەلىبە قىلدى.

شۇيىت كوماندىسى بىلەن ئېلىشىشتا قەشقەر كوماندىسى نۆلگە قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن غەلىبە قىلدى.

ئۈنجى قېتىملىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئەنە شۇنداق غەلىبىلىك تاماملانغانىدى...!

# پاجىئەلىك كۈنلەر

1947 – يىلى ئاۋغۇستىنىڭ باشلىرى ئىدى. تۇرپاندا ئىسسىق ئەۋجىگە چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تاڭغا يېقىن تۇرپان شەھىرىگە بىر ئاپتوموبىل كەلدى. ئۇنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى شەھەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. تۈن قاراڭغۇسىغا خەنجەردەك سانجىلغان چىراغ نۇرلىرى كوچى-لارنى ۋال – ۋۇل قىلىپ چاقنىتىۋەتتى.

ئۇنىڭ گۈرۈلدىشىدىن بىزار بولغان كىشىلەر ئويغىنىپ رۇجەكلەردىن سىرتقا قاراشتى. «نەدىن كەلگەن ئاپتوموبىلدۇ بۇ! نېمە ئۈچۈن كېچىسى كېلىدۇ؟ كىم كەلگەندۇ!» دېگەندەك خىياللار كىشىلەرنى تۈرلۈك ئويغا سالاتتى. لېكىن ھېچكىممۇ بۇ ماشىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ۋە كىم كەلگەنلىكىنى قىياس قىلالمىدى. ئاپتوموبىل ×× باغنىڭ ئالدىدا ئازراق ۋاقىت توختىدى – دە، بىرئازدىن كېيىن كۆزدىن غايىب بولدى. كوچىلاردا ئىلگىرىكىدەك ئىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى.

تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەتراپ ئاقىرىشقا باشلىدى. ئارىدىن تۆت سائەتچە ئۆتۈپ، ئۇيقۇسىغا قانغان مېھمانلار (كېچە كەلگەنلەر) بىر – بىرلەپ ئويغىنىشتى – دە، غۇلاچلىرىنى كېرىشىپ، ئەسنەشتى. باغ ئىگىسى ساھىب-خانا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ساھىبخانا مېھمانلارغا يۈز يۇيىدىغان سۇ كەلتۈرۈپ، لۆڭگە تۇتتى. ئۇلارمۇ خۇددى ئۆز ئۆيىدەك يۈز – كۆزلىرىنى ئازادە يۇيۇشۇپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ، تاماكا چېكىشتى.

كەلگەنلەر جەمئىي تۆت كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئامېرى-كانچە سېرىق ھەربىي فورما كىيگەن، ئوتتۇرا بويلۇق بىرى غادىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا «كانادا» ماركىلىق تاپانچا ۋە ئىمپورت قىلىنغان

زەھەرلىك خەنجەر پارقىراپ تۇراتتى.

قالغان ئۈچ كىشى يېرىم ھەربىي، يېرىم پۇقراچە كىيىنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىدە تاپانچا، بەزىسىدە خەنجەر بار ئىدى.

— تۇرپىنىڭلار نېمانچە ئىسسىپ كەتكەن، — دېدى ئامىرىكانچە ھەربىي فورما كىيگەن كىشى زارلانغان قىياپەتتە.

— بۇ يىل چىشىمىز چىقىپ كۆرمىگەن ئىسسىقنى كۆرۈۋاتىمىز. غۇ تاڭ! — دېدى ساھىبخانا قولىغا يەلپۈگۈچ ئېلىپ ئۇنى يەلپۈگەچ.

— بولدى، ئۆزۈم يەلپۈيمەن، — دېدى ئۇ كىشى يەلپۈگۈچكە قول ئۇزىتىپ.

باغنىڭ ئىشىكى «تاراق» قىلىپ ئېچىلدى ــ دە، ئىككى كىشى ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ساھىبخانا يەلپۈگۈچنى مېھمانغا تۇتقۇزۇپ دەرھال تاشقىرىغا چىقىپ، كەلگۈچىلەرنى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— ئەنسا تۇەن (يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش گۇرۇپپىسى)نىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى زۇجاڭ، ئىسمى خۇگيۇن①، — دېدى ساھىبخانا كىرگۈچىلەرگە، ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان لى خۇگيۇننى كۆرسىتىپ.

— لى زۇجاڭ!

— خوش كېلىپسىز، لى زۇجاڭ!

ئىككى كىشى ئۇتتەك ئېتىلىپ كېلىپ لى خۇگيۇن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— لى زۇجاڭ ئىلگىرى ئالتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە جۇيجاڭ بولغان، — دېدى ساھىبخانا تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كېيىن خىزمىتى ئۆستۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك گۇڭئەن گۈەنلىچۇ (ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسى) دا داڭلىق سوتچى بولغان. ھازىر باش قوماندانلىق شتابىتا پەۋقۇلئاددە خىزمەت ئىشلەيدۇ. لى زۇجاڭ تەجرىبىگە باي، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قابىلىيەتلىك كىشى، شۇڭا بۇ قېتىم

① لى خۇگيۇن — ئازادلىقتىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتا تۇتۇلۇپ، ئېلىپ بېرىپ باستۇرۇلغان.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى «ئۇيغۇرلار» ھەرىكىتىنى ئۆزۈل - كېسىل تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى باش بولۇپ كەلدى.
— ناھايىتى ياخشى!
— قارشى ئالىمىز!
ئۇ ئىككىسى لى خۇگيۇنگە مەدھىيە ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭشىتتى. ساھىبخانا يېڭى كىرگەن ئىككى كىشىدىن سا-قال - بۇرۇتى قىرىلغان، سويما يۈز بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— بۇ، بىزنىڭ تۇرپاندىكى ئەڭ سادىق ئادىمىمىز ئادۇرجان[1] بولىدۇ. بۇياق بولسا، يىلان كۆشكەننى سىزىدىغان يېزا باشلىقىمىز چىپار شىياڭجاڭ[2]، — دېدى ساھىبخانا ئۇچلۇق ساقاللىق كىشىنى كۆرسىتىپ.
— ئوكەي! ئادۇرجان دېگەن سەنمۇ؟ كەل، قايتا كۆرۈشەيلى! — لى خۇگيۇن ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. بۇ ئىلتىپاتقا ئادۇرجان خۇددى ھەرەمدىن كەلگەن دادىسىنى تاۋاب قىلىش ئۈچۈن بارغاندەك چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ، «لى زۇجاڭ» دەپ قولىنى چىڭ سىقتى.
— بۈگۈن سەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمگە خۇشالمەن، قېنى، يېقىنراق ئولتۇر، — دەپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، يېنى-دىن جاي بەردى ۋە كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىشكە باشلىدى. ساھىبخانا تاماكا تۇتۇپ، چاي قۇيۇپ پايپېتەك ئىدى.
— ئىشلىرىڭلار قانداق كېتىۋاتىدۇ؟
— يامان ئەمەس، لى زۇجاڭ، — دەپ جاۋاب بەردى ئادۇرجان كىچىكلىنىپ، — لېكىن بەك ياخشى دېگىلى بولمايدۇ.
— ئادۇرجاننىڭ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىغانلىقىغا ئىشىنى-مەن! — لى خۇگيۇن بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ساھىبخانىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويدى. ساھىبخانا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى چۈشىنەتتى. ئۇ، لى خۇگيۇننىڭ تۇرپانغا قېقىپ قويغان مىخى ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئادۇرجان ئىشلەۋاتقان

① ،② بۇلار ئازادلىقتىن كېيىن ھەققانىي جازاغا تارتىلىپ، باستۇرۇلغان.

خىزمەت توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىپ قويۇش پەيتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ:
— ئادۇرجان ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ، — دەپ قويدى.
— بىراق، تۇرپان تېخى تىنچلانغىنى يوق، — دېدى لى خۇگيۇن كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىپ. — تۇرپاندا ئوغرىلار ھەرىكىتى ئۇزۇل-كېسىل تۈگەپ كەتمىدى. شۇڭا باش شتاب بۇ يەردىكى خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.
— بىز لى زۇجاڭدەك ئالىي رەھبەرنى سېغىنىپ تۇراتتۇق، — دېدى ئادۇرجان چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بىزدە تەجرىبە كەم، لى زۇجاڭدەك قابىل بىر ئادەم رەھبەرلىك قىلىپ، يولىيورۇق كۆرسەتسىلا قالغان ئىشنى ئۆزىمىز جايلاۋېرىمىز.
— بىز ھەرقايىسىڭلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىپ، ياردەم بېرىشىڭلارغا موھتاجمىز. مەنمۇ سىلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن بىرقانچە ياراملىق ئادەم ئالغاچ كەلدىم. تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئورنۇڭدىن تۇرە، قارىغۇ!
تاماكا چېكىپ يەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان يەكچەشمە بىر ئادەم شۇ ھامان ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قەبىھلىك يېغىپ تۇراتتى. سىڭار كۆزىدىن بولسا قانداقتۇر قاراملىق ۋە خۇنخورلۇق چىقىپ تۇراتتى.
— مانا بۇ «سىڭار كۆزلۈك ئەجدىھا»، تۇرۇشىغا قاراڭلار، ئىككى كۆزى ساق بولغان بولسا قانچىلىك بولاتتىكى. ھازىر ئۇ بىر كۆزلۈك بولغىنى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تېشىپ كىرىپ، كۆڭلىدىكى سىرنى بىلىپ چىقالايدۇ. ھەرقانداق كىشىگە بوش كەلمەيدىغان يامان قارىغۇ بۇ، — دېدى لى خۇگيۇن ئۇنى تونۇشتۇرغاچ، — خېيباك، تۇرە ئورنۇڭدىن، — دېدى لى خۇگيۇن ئىككىنچى ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ، — بۇنىڭ ئېتى خېيباك (قارا توقماق)، تۇرۇشىغا قاراڭلار، خۇددى قارا ئېيىقتەك، قولىغا چۈشكەن ھەرقانداق ئادەمنى ۋايجان دېگۈزەلەيدۇ. زۇۋانى يوقنى زۇۋانغا كەلتۈرەلەيدۇ. بولدى ئولتۇرە! ئەمدى سەن ئورنۇڭدىن تۇرە! بۇنىڭ ئېتى ئابلاجان، — ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئېغىزدىن چىقىپ بولمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ بولغان ئابلاجان، بۈيۈك گېنېرال ئالدىدا

قېتىپ تۇرغان ئەڭ ساداقەتلىك مەرھەملەردەك ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، قوللىرىنى تارىشىدەك قاتۇرۇپ، كۆكرىكىنى چىقىرىپ قاتتىق تۇراتتى، — ئاناڭنىڭ يۈرىكىنى ئەكەل دېسەممۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، كاۋاپ قىلىپ تەخسىگە سېلىپ ئىككى قوللاپ ئالدىمغا ئەكېلىدىغان سادىق يىگىت، بولدى ئولتۇرە! — تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئىتائەتچانلىقىنى كۆز - كۆز قىلغان لى خۇگيۈن ساھىبخانىغا قاراپ، — بۇ كالانپايىنى تونۇشتۇرمىسامىمۇ بولا، — دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— مېنى تونۇشتۇرمىسلارمۇ بولىدۇ. چۈنكى كالانپايلىقىمنى ھەممىسى بىلىدۇ، — دېدى ساھىبخانا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ.

— بولدى، تولا تۈلكىلىك قىلما، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان بىگىسىڭ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە، — لى خۇگيۈن كۆپچىلىككە نەزەر تاشلاپ ئالدىرىماي سۆز باشلىدى، — ھەممىڭلار بىرقۇر تونۇشۇپ چىقتىڭلار، ئەمدى خىزمەت ئۈستىدە بىر نېمە دېيىشەيلى. ھازىر قولۇڭلاردا نەق بار ئادەم قانچىلىك؟

— يەتتە، — دېدى ئادۇرجان جاۋاب بېرىپ.

— يەتتە؟! — بىردىنلا مۆڭگىگەن لى خۇگيۈن ئادۇرجاننىڭ كۆزىگە ئاچچىق قادىلىپ قارىدى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمە قىلدىڭلار، پادا باقتىڭلارمۇ؟ يەتتە ئادەم نېمە بولماقچى، بىزگە سەيمۇ بولمايدۇ، — ئۇ بىردەم ئاچچىقلانغاندىن كېيىن غودۇڭشىپ، — بىز بۇ يەرگە قۇرۇق ھاراق ئىچكىلى كەلمىدۇق، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى.

— يەنە ئەللىكتىن ئارتۇق ئادەمنىڭ تىزىمىنى...

— ئەللىك دېگەن شۇنچە جىق سانمۇ؟ — لى خۇگيۈن ئەمدىلا جاۋاب بېرىۋاتقان ئادۇرجاننىڭ سۆزىنى كېسىۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەللىك، ئەللىك... ھەربىر يانچۇقۇمنى سىلىكسەم ئۇنداق ئەللىكتىن نەچچىسى چۈشىدۇ. سىلەرگە يوغان بىلىنگەن ئەللىك ئادەم

بىزگە سەيمۇ بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ئەللىك ئادىمىڭلار بىر كۆزلۈك ئەجدىھاغا بىر چۈشلۈك غىزامۇ بولالمايدۇ. ئۇ چاغدا قارا ئېيىق چىشلىرىنى مىڭگايتىپ قاراپ تۇرسا ئۇنىڭغا نېمىنى بېرىمىز. ئابلاجانغىچۇ؟ قارىغاندا ئىچىڭلار ئاغرىپ، قولۇڭلار تىترەپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى لى خۇگېيۇن ئادۇرجان ۋە چىپار شىياڭجاڭلارغا قادىلىپ تۇرۇپ، — ئوغرىلارنىڭ تۆكمەيۋاتقانلىقى ئەسلىدە سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلاردىن ئىكەن — دە...،

— دەپ ئېتىراز بىلدۈردى.

— ياق، ياق. بىزنىڭ قولىمىز ھەرگىز تىترىمەيدۇ. خاتىرجەم بولسىلا، زۇجاڭ. بىز داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىپ، تىزىملىكنى تولۇقلاۋاتىمىز، — دېدى چىپار شىياڭجاڭ.

— بولدى، بولدى، ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. تاغارلاپ بۇغداي، ئېگەرلەپ ئات، شاراقلاپ تەڭگە ئالدىڭلارغا سوۋغا — سالام بولۇپ كېلىۋەرسە سىلەرنىڭلا ئەمەس، ئۇ چاغدا مېنىڭمۇ قولۇم تىترەپ كۆڭلۈم يۇمشاپ قالىدۇ، — لى خۇگېيۇن ئۆي ئىچىدە ئۇيان — بۇيان مېڭىۋېتىپ ئاۋۋالقىدىن ئاستا ئاۋازدا، — بولدى، مۇنىڭدىن كېيىن كۆرىمىز. ئەگەر يەنە شۇنداق يۇمشاقلىق قىلىنىدىغان بولسا، ھەرقايسىڭنى بوش قويماي-مەن! پىرقە دۆلەتكە سادىق بولمىغانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن... ئۇ چاغدا مەندىن ئاغرىنماڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ شورى.

ئۆي ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق قاپلىدى. پەقەت ئۇيان — بۇيان مېڭىۋاتقان لى زۇجاڭنىڭ مۆڭگۈز چەملىك سېرىق ئايىغىدىن تورۇك — تورۇك قىلىپ چىققان ئاۋازلا جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

— تاماق تەييار بولدى، — ساھىبخانا لى زۇجاڭنى تەكلىپ بىلەن ياندىكى ئۆيگە باشلىدى.

1947 — يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «ئون بىر بىتىم» نى بۇزغانلىقى ئۈچۈن بىتىمنى ھىمايە قىلىش شوئارى ئاستىدا قوزغالغان تۇرپان — پىچان — توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭى ئېيۇلنىڭ ئاخىرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بېسىققانىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۈچ ناھىيە قوزغىلاڭ-چىلىرى نۇقتىلىق جايلاردا بىرقانچە قېتىم قانلىق جەڭ قىلغاندىن كېيىن،

مۇتلەق كۆپ قىسمى ئابدۇراخمان مۇھەددىنىڭ باشچىلىقىدا يۇلتۇز ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلاردىن ئۆتۈپ كېتەلمىگەنلىرى ئالغۇي تاغلىرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۈيۈقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى. ئۇرۇمچى باش قوماندانلىق شتابى ئۈچ ناھىيىدە بىر مەيدان ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيون لى خۇگېيۇن باشچىلىقىدا پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «ئەنساتۇەن» دېگەن نام بىلەن ئۇلارنى تۇرپانغا ئەۋەتتى.

## 2

ئادۇرجان ×× ئارقا كوچىدىكى سېپىلغا يېقىن چوڭ دەرۋازىلىق قورۇدا تۇراتتى. بۇ قورۇ شۇ كۈنلەردە تۇرپان بويىچە ئەڭ دەھشەتلىك ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق قورۇ بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردىن ئۆتكەن پۇقرالارنىڭ تېنى تىكەنلىشەتتى. بۇ قورۇغا پەقەت ھەربىي ئوفىتسېرلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. بەزىلىرى خەۋەر ئەكەلسە، بەزىلىرى يولىيورۇق سوراپ كېلەتتى. بەزى چاغلاردا يېزىلاردىن باغلاپ تۇتۇپ كېلىشكەن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىنەتتى، بۇ قورۇغا قانداقتۇر... چاشقان... كانتۇ... قاشقا دېگەنگە ئوخشاش غەلىتە لەقەملىك لوكچەكلەر توپلانغان بولۇپ، ئۇلار ئادۇرجاننىڭ سادىق قولچوماقلىرى ئىدى. بۇ ئەبلەخلەر غالجىر ئىتتىن ئۆتە غالجىر ئىدى. كوپكوندۇزدە كوچىدا ئادەم تۇسۇپ، ئادەم ئۇراتتى. ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئادەم ئوڭايلىقچە ھايات قالمايتتى. شياڭجاڭلار بولسا تۇتۇپ كېلىنگەن ئادەملەرنى گەمىلەرگە سولاپ، خالىغانچە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلاتتى، ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ئۆلتۈرەتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى قۇدۇققا تاشلاپ كۆمۈپ تاشلايتتى ياكى سېپىلدىن ھالقىتىپ سىرتقا تاشلىۋېتەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن لى خۇگېيۇن ئۆز ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كۆز باغلانغاندا ئادۇرجاننىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھەشەمەتلىك ياسالغان مېھمانخانىدا بىر پەس مېھمان بولۇشتى. ئادۇرجان ئۆزىنىڭ ئەزىز

مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن داستىخاننى ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇلارنى كۈتۈش بىلەن پايپېتەك ئىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، لى خۇڭكىيۈن كەڭ - كۇشادە، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇپ بەرمىدى. ئۇ بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقان بولسا كېرەك، شىرەدىكى نازۇ نېمەتلەرگە ئانچە - مۇنچە ئېغىز تېگىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە:

— قانداق، كۆرۈپ چىقالىمۇ؟ — دېدى.

باشقىلار ئۇنىڭ گەمىدىكى تۇتقۇنلارنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، قوللىرىدىكى چوكىنى شىرەگە تاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار ئۇلاش - چولاش تالاغا چىققاندا، كىمدۇر بىرى شىشىسى ئىسلىشىپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن ئاسما پەنەرنى يورۇتۇپ، ئۇلارنى گەمە تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

— چىراغنى تازىلاپمۇ قويمىغىنىڭنى قارا سېنىڭ، — ئادۇرجان چىراغ كۆتۈرگۈچىگە ھومىيىپ قاراپ قويدى.

— ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدا، — دېدى چىراغچى غودۇڭشىپ.

بۇ چۇماقچىلارنىڭ ئىشى ھەقىقەتەنمۇ ئالدىراش بولاتتى. تۇتۇپ كېلىنگەن ئادەملەرنى سوراق قىلىش، باغلاش، ئېسىش، ئۇرۇش، قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ ئىشى ئىدى. تىنچىق گەمىدە ئادەملەرنى كۈنگە قانچە قېتىمدىن قامچىلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ تىللاش، يوق ئىشلارنى ئىقرار قىلدۇرۇش...

بۇ ئىشلارغا خېلى جىق كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلغاندىن تاشقىرى، تەرلەپ چۆپ بولۇپ كېتەتتى.

گەمە ئىچى بولسا، ئاخشىمى تونۇردەك قىزىپ كېتەتتى، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر زەي ئارىلاش نەمخۇش قاڭسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

گەمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىيىشتۇرۇپ باغلاپ تاشلانغان ئىككى كىشى ئىڭراپ ياتاتتى. گەمە تېمىدا قولىنى قايرىپ باغلاپ ئېسىپ قويۇلغان ئىككى ئادەم ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىڭراشلىرى ۋە تىنىقى ئاران ئاڭلىناتتى. كىرگەنلەر خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك ئۇلارغا كۆزلىرىنى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

پارقىرىتىپ قارىشاتتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئادۇرجان سىم قامچىنىڭ تۇش قاپلانغان دەستىسى بىلەن ئېسقىلىق تۇرغانلاردىن بىرىنىڭ بېشىغا تاراس قىلىپ ئۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— ئېيتە، ئويلاندىڭمۇ؟

تۇتقۇن ئىڭرىغىنىچە جىم تۇراتتى.

— ئېيت دەيمەن، ئابدۇراخمان ساڭا قانداق ۋەزىپە تاپشۇرغان؟

— بىز پۇقراغۇ! — دېدى باغلاقتىكى كىشى تولغانغان پېتى.

— پۇقرا بولساڭ نېمە بوپتۇ؟ ئېيتە گۇي! — ئارقىدىنلا تا-راس - تاراس قىلىپ ئىككى قامچا ئۇردى.

— ئېيتاي، ئېيتاي... ئۇ دېگەن ھاكىم تۇرسا، ئۆيگە كەلسە نېرى تۇر دېيەلەيمىزمۇ...

— يەنە ھاكىم دەيسەنغۇ؟ ئۇ دېگەن ئوغرى، قىزىل پاچاقلارنىڭ باشلىقى! — دېدى ئادۇرجان. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۇ كىشىنى قامچا بىلەن تۆت — بەشنى ئۇرۇۋەتتى - دە، ئاندىن ئىككىنچىسىنى نوقۇپ، — سەن ئېيتە، قانداق ۋەزىپە تاپشۇرغانىدى؟ — دېدى.

— بىر ئوتلام سۇ بەرگەن بولسىلا! — دېدى باغلاقتىكى كىشى زارلىنىپ.

— ئېيتساڭ سۇمۇ بار، قايماق چايمۇ بار.

— نېمىشقا ئىشەنمەيدىغانسىزلەر، ئۇ دېگەن تۇرپاننىڭ ھاكىمى، بىز دېگەن پۇقرا، ئۆيىمىزگە كەلگەن ھاكىمنى نېرى كەت دېيىشكە ھەددىمىزمۇ؟

— ۋۇ، ئاناڭنى! — ئادۇرجان ئۇنىمۇ سىم قامچا بىلەن بىرقانچە-نى ئۇرۇۋەتتى.

باغلاقتىكىلەرنىڭ بىرى جېلىل، يەنە بىرى بولسا، ئوغلى قاھار ئىدى. ئابدۇراخمان مۇھەددى شەھەر ئىچىدە ئۆز ھاياتىغا خەۋپ يۈزلەنگەنلىكىنى سېزىپ، كىچىسى ئارغامچا بىلەن شەھەر سېپىلىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ چاتقال تەرەپكە كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا يۈرۈپ كەتكەنىدى. تېررورچىلار شۇ سەۋەبتىن

ئاتا ــ بالا ئىككىسىنى تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلماقتا ئىدى.

ئادۇرجان باغلاپ تاشلانغانلارنىڭ بېشىغا كېلىپ دېۋەيلەپ، ئارىسى-دىن بىرىنىڭ بېشىغا بىرنى تەپتى ــ دە:

ـــ ئېيتە، جۇمە يانغان كېچىسى ئۆيۈڭگە كەلگەن كىم؟

ـــ خۇدا ھەققى بىر يۇتۇم سۇ بەرگەن بولسىلا!

ـــ ئېيتە، ئېيتساڭ ھەممە نېمە بېرىمىز. ئېيتمىساڭ ساڭا سۈيدۈكمۇ يوق. ئوغرىلارنىڭ نېمىسىنى يوشۇراتتىڭ، ئېيتە!

ـــ ھېچكىم كەلمىسە، نېمىسىنى ئېيتىمەن.

ئادۇرجان ئۇنى تاشلاپ يەنە بىرىنىڭ بېشىغا بىر تېپىپ، ئۇنى سوراق قىلدى:

ـــ سەن ئېيتە، مىلتىقنى قەيەرگە يوشۇردۇڭ؟

ـــ نەدىكى مىلتىقنى؟

ـــ يەنە نەدىكىنى دەيسىنا، سەندە يوق نەرسىنى باشقىلار قانداق بىلسۇن؟ ئېيتە، جاھىللىق قىلىپ پايدا تاپالمايسەن!

ـــ خۇدا ھەققى...

ـــ ۋۇ... ئاناڭنى!...، ـــ ئادۇرجان ۋەھشىيلەرچە ئۇنى تۆت ــ بەش قامچا ئۇرۇپ، ئاندىن بىرنەچچىنى تەپتى. باغلاقتىكىلەر ئاچچىق ئىڭرايتتى.

بۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغۇچە تەرلەپ، پىشىپ كەتكەن لى خۇگېيۇن گەمىدىن چىقىپ، ھويلىدا ساپ ھاۋا سۈمۈرگەچ ئۇيان ــ بۇيان ماڭدى. بىرئازدىن كېيىن مىيىقىدا كۈلۈپ:

ـــ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار كىچىك بالىنىڭ ئويۇنى ئىكەن. ئۇنداق قىلىپ گۇناھكارلارنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالغىلى بولامتى، ـــ دېدى ئۇ نارازى بولۇپ. ئادۇرجان قاتارلىق كىشىلەر باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېنى شۈركەنگەندەك بولدى. لى زۇجاڭ بىردىنلا ئۆز ئادەملىرىنى چاقىرىپ قالدى:

ـــ خېيباڭ!

ـــ بار.

— ئابلاجان، قېنى سىلەر سوراق قىلىپ كۆرۈڭلارچۇ، ئىقرار قىلمىغىنىنى مەن كۆرەي.

— خوپ، باشلىق.

لى خۇگيۇن مېھمانخانىغا كىرىپ بىر تال تاماكا چېكىپ ئارام ئالدى. ئادۇرجان ئۇنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ، چاي قۇيۇپ تۇراتتى. ئۆي جىزمەتچىلىرى شىرەگە قايتىدىن قەنت ـ گېزەك تىزىپ، كەچلىك زىياپەتـ ـكە تەييارلىق كۆرۈشتى. ئاشخانىدا قىڭراقنىڭ توكۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئارىلىقتا لى خۇگيۇن ئادۇرجاننىڭ قىسمەن دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ، بەزەن يولىيورۇقلارنى كۆرسەتكەن بولدى. بىرىم سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا خېيباڭ قايتىپ كىردى. ئۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدىنلا «ئاناڭنى خۇمسىلا» دەپ تىللاپ كىردى.

— قانداق بولدى؟ — لى خۇگيۇن تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— جېنى بوش خۇمسىلار ئىكەن، — دېدى خېيباڭ كۆلۈمسىدـ ـرەپ. ھازىرلا ئىككى كىشىنى ھاياتىدىن ئايرىۋېتىپ كىرگەن خېيباڭ شۇ تاپتا ئىككى قۇشقاشنى ئۆلتۈرگەنچىلىكمۇ ئەيمەنمەستىن قولىنى ھۆل لۆڭگىگە سۈرتەتتى.

— بوپتۇغۇ، مەيلى ئەمەسمۇ! — دېدى لى خۇگيۇن بىپەرۋالىق بىلەن.

— ئۆلۈكنى قانداق قىلىمىز؟ — ئادۇرجان يولىيورۇق سوراپ لى خۇگيۇننىڭ كۆزىگە قارىدى، — تەييار قۇدۇق بار، كۆمۈپ تاشلايمۇ؟

— ياق، مەن ئالۋاستى قويۇپ بەرمەكچىمەن، — دېدى لى خۇگيۇن سىرلىق سۆزلەپ. ئادۇرجان داڭقېتىپ توختاپ قالدى، — ئۆلۈكنى سىپپىلدىن تاشلىۋېتىش كېرەك. ئەتىلىككە خەلق تۇرپانغا كىم كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن.

— ياخشى چارە، — دېدى ئادۇرجان ئاغزىنى يالاق قىلىپ، — خەلقنى مۇشۇنداق قورقۇتۇپ قويماي بولمايدۇ.

بۇلار زىياپەت ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ ھاراق ئىچىشىپ. ھاراق بۇسلىرىنى بۇرقۇتۇپ ئولتۇرۇپ «گاۋشىڭ...» دەپ بويۇن تومۇرـ

لىرى كۆپۆپ كەتكۈچە ۋارقىراپ، ئۆينى بېشىغا كىيىشتى. پات ـ پات سائىتىگە قاراپ ئولتۇرغان لى خۇڭيۇن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سائەت بىر بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئادۇرجانغا قاراپ. «كانتۇ» بىلەن «قاشقا» ئىككىسى گەمىدىكى ئىككى جەسەتنى سۆرەپ چىقىپ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى. لى خۇڭيۇن جەسەتكە ئېگىشىپ قارىغاندىن كېيىن:

— سىلەر مۇشۇنداق تاشلىماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق. شەرقىي دەرۋازىغا يېقىن ئاپىرىپ تاشلىماقچى.

— سىلەردە تىرناقچىلىكمۇ ئەقىل يوقكەن، — دېدى لى خۇڭيۇن ئەتراپتىكىلەرگە هومىيىپ قاراپ. ئۇ شارت قىلىپ خەنجىرىنى چىقاردى، — مۇشۇ پېتى تاشلىساڭلا بولامدىكىنە! ئەخمەقلەر، — دېدى-دە، خەنجەر بىلەن ئۆلۈكلەرنىڭ يۈز تېرىسىنى سەككىز — ئون يەردىن تىلىپ تاشلاپ، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئويدى، بۇرنىنى كەستى. ئاندىن كۆرەڭلىك بىلەن، — قېنى، نوچى بولساڭلار تونۇپ بېقىڭلارچۇ، — دەپ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويدى. ئەتراپتا تۇرغانلار بىر — بىرلەپ ئېگىشىپ قاراپ ئۆلگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا تونۇيالماي، لى خۇڭيۇننىڭ بۇ كاراماتىگە هەيران بولۇشتى.

— قايسى دادىسى، قايسى بالىسى، هېچنېمىسىنى تونۇغىلى بولمىدى، — دېدى ئارىدىن بىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ئاق تېررورلۇق ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرغىچە شۇ تەقلىدتە دەهشەتلىك هۆكۈم سۈردى. پۈتۈن شەهەر، يېزا ـ قىشلاقلارنى ۋەهىمە قاپلىدى. خەلقلەر كېچىسى ئۆيلىرىدە ياتالماي قوناقلىقلاردا، كارىزلاردا، تەك ئاستىدا جان ساقلاشتى. لى خۇڭيۇن شۇ نۆۋەتتە تۇرپاننىڭ ئۆزىدىلا ئوتتۇزدىن ئوشۇق بىگۇناھ دېهقاننى ۋەهشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ پىچان ناهىيىسىدىكى ئادەملىرىمۇ ئوندىن ئوشۇق گۇناھسىز دېهقاننى دەهشەتلىك ئۆلتۈرۈپ، تۇرپان ـ پىچان ـ توقسۇن خەلقلىرىنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدىغان خاتىرە قالدۇردى.

www.uyghurkitap.com

3

ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا جايلاردا ھەربىي ھالەت، ئاق تېررورلۇق داۋام قىلىۋاتاتتى. چوڭ مۇشۇك ئۇرۇمچىدە، ئاسلانلار ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ۋىلايەت — ناھىيىلەردىكى مەمۇرىي ئورگانلار مەغرۇر مۇشۇك ئالدىدا تىترەپ ياتقان نىمجان چاشقاننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى. ۋالىيلار ئۆز يېرىدىكى گېنېراللارنىڭ، ھاكىملار ئۆز ناھىيىسىدىكى پولك — باتاليون كوماندىرلىرىنىڭ كۆزىگە ۋە سىزغان سىزىقىغا قاراپ ئىش قىلاتتى. چوڭ — كىچىك ئىدارە — جەمئىيەتلەر يىغىن ئاچماقچى بولسىمۇ، ئالدى بىلەن ھەربىي قىسىملارغا مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغۇچە ئاچالمايتتى. توي — تۆكۈن، بەزمە — باراۋەتلەردىمۇ پولك، باتاليون كوماندىرلىرىنى چىللاپ، تۆردە ئولتۇرغۇزمىغىچە مەرىكىنى ئۆتكۈزەلمەيتتى. ھەممە ئادەم، مۇشۇك، ئاسلانلارنىڭ مەۋجۇپ تاشلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. تۇرپان — پىچان — توقسۇندا ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. بىرىنچى دەرىجىلىك ھەربىي ھالەت ئاخىرلاشمىغان، ئاق تېررورلۇق، ئۆلۈم ۋەھىمىسى تېخى بېسىلمىغانىدى. پۈتكۈل ئۈچ ناھىيە قارىلىق ھازا، نالە — پەرياد بىلەن قاپلانىدى. خەلقنىڭ زارىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. گەپ قىلسا تىل، گەپ قىلمىسا دىل كۆيەتتى.

خەلقنىڭ مۇڭ — زارى ئۇرۇمچى كوچىلىرىدىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى بولسۇن! ئۆلۈپ كېتىۋاتامدۇ، كۆيۈپ كېتىۋاتامدۇ ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى. ئاران تۇرغان يۈرىكىم زەرداب بولۇپ ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ، مۇڭ — زار ئاڭلاشنى ھېچكىم خالىمايتتى. ئاڭلىغاننىڭ پايدىسى يوق. شۇڭا ئاڭلىغاندىن ئاڭلىمىغان تۈزۈك، كۆرگەندىن كۆرمىگەن تۈزۈك دەيدىغانلار، ئاڭلىغان بىلەن قولۇمدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى دەيدىغانلار، ئەلەمگە چىدىماي قاۋاقخانىغا كىرىپ كېتىدىغانلار... ھەر خىل، ئەمما ئىشنىڭ تېگى — تەكتىنى بىلىپ، ئامال يوق

دەيدىغانلار كۆپ ئىدى. لېكىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنىمۇ يوق دەپ ئېيتقىلى بولمايتتى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوروۇسىغا بىر قارا پىكاپ كىرىپ كەلدى. پىكاپتىن ئادەتتە ئۆزىنى بىتەرەپ — خالىس ھېسابلايدىغان بىر ئەرباب چۈشۈپ، باش كاتىپ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. بەختكە يارىشا باش كاتىپ بار ئىدى. چارەك سائەتتىن كېيىن بۇ ئەرباب باش كاتىپ بىلەن بىللە چىقىپ رەئىس ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

رەئىس بۇ ئەربابنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى.

سالام - سائەتتىن كېيىن ئۇلتۇرۇپ بەزەن مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. خالىس ئەرباب شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، مائارىپى، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزىنىڭ خالىس كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجابىي پىكىر تەقدىم قىلدى، ئەڭ ئاخىردا نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئۈستىدە توختالدى:

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا جايلاردا ھەربىي ھالەت داۋام قىلىۋاتسا كېرەك، — دېدى ئۇ چىرايىغا ئىنسانىي ئېچىنىشلىق تۈس يۈگۈرتۈپ، — بولۇپمۇ تۇرپان - توقسۇن - پىچان ناھىيىلىرىدە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر، گەرچە بۇ ئىشلار ھەربىي قىسىملارنىڭ قولى بىلەن بىۋاستە ئىشلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ بىر بېشى يەنىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە چېتىلىدۇ. كېيىنچە ئەگەر مەركەزگە ئاڭلىنىپ مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەركەز ھەربىي قىسىملارنى ئەمەس، بەلكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە بىرئاز ئويلاپ كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماقتىمەن.

— بۇ ھەقتە بىزمۇ ئويلاشقان. بىراق نېمە ئامال! — دېدى رەئىس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ۋاقتى كەلگەندە بىزمۇ بىرنېمە دەرمىز، دەپ ياتتۇق.

— رەئىس ئەپەندىنىڭ ئويلىغىنى توغرا. بۇ ئىشنى شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، — خالىس ئەرباب رەئىسنىڭ پىكرىگە قوشۇلغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، بىرئاز توختىۋالغاندىن كېيىن بىر مەسلىھەت پىكرىنى ئوتتۇرىغا

قويدى، — نۆۋەتتە ھەممىدىن مۇھىمى، خەلق كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، تىنچ ھايات كەچۈرىدىغان ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش. بۇ توغرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ ناھىيىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىرەر تەشۋىقات ئۆمىكى ئەۋەتىپ خەلقتىن ھال سوراشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلىشىپ كۆرسە قانداق بولار! بۇ مېنىڭ شەخسەن پىكرىم. ئەگەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقسا، جانابىي باش قوماندانىمۇ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى مۇمكىن!...

خالىس ئەرباب ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن رەئىس بىلەن باش كاتىپ ئۇزاق ئويلىشىپ، شۇنداق قىلماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

ئەتىسى ئۇ ئىككىسى باش قوماندانىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا باش قوماندان رەئىس بىلەن باش كاتىپنى سەممىي قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئۆزئارا ئامانلىق سورىشىپ بىر ئىستاكاندىن چاي ئىچىشتى. باش قوماندانىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. كۆزلىرىدىن مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەربىر قارىشىدا «سۆزلەڭلار، قانداق ئىش ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ مەن تامامەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمەن» دېگەنلەر ئىپادىلىنەتتى. رەئىس پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي مۇددىئاسىدىن سۆز ئاچتى:

— ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، — دېدى ئۇ ئاستا ۋە تۆۋەن ئاۋازدا سالماقلىق سۆزلەپ، — تۇرپان - پىچان - توقسۇن ناھىيە خەلقلىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن بىر تەشۋىق - تەسەللى ھەيئىتى ئەۋەتىشنى ئويلاشتۇق. بۇ توغرىدا باش قوماندان ئەپەندىنىڭ سەمىگە سېلىش ۋە پىكىر ئېلىش يۈزىسىدىن كېلىپ ئولتۇرۇپتىمىز!

رەئىسنىڭ سۆزىنى باش كاتىپ تېخىمۇ تولۇقلاپ تەرجىمە قىلىپ ئاڭلاتقاندا، باش قوماندان مەمنۇنىيەت بىلەن قۇلاق سالدى.

— ياخشى پىكىر، ئوبدان ئويلىنىش بوپتۇ. باش شتاب تامامەن قوللايدۇ، — دېدى ئۇ خۇشال كەيپىيات بىلەن، — بۇ ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، ئەسلىدە بالدۇرراق شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى. خەير، ھېلىمۇ كېچىككەن ھېسابلانمايدۇ.

رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ باش قوماندانىنىڭ سۆزىنى توغرا تاپقانلىد-

قىنى ئىپادىلىگەچ باش كاتىپقا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قاراپ قويۇشى كېيىنكى سۆزلەرنى ئۆزىڭىز سۆزلەڭ دېگەندىن بېشارەت ئىدى. باش كاتىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— بىز بۇ ھەيئەتنى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىدىن تەشكىل قىلماقچىمىز، ئادەم سانى توغرىسىدا تېخى بىر يەرگە كەلمىدۇق، باش شتابتىن قوشۇلىدىغان ئادەم سانىغا قاراپ، ئاندىن بۇ ھەقتە ئويلاشماقچى.

— ئەتراپلىق ئويلىنىپسىزلەر، — باش قوماندانىنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ مەمنۇن بولغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەسلىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرغان ئىشقا باش شتابتىن ئادەم قوشۇلمىسا بولاتتى، بىراق تۆۋەندىكىلەرنى بىرنىمە دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار خېلى يامان، بەزىدە ئۇلارغا باش قوماندانمۇ ئىگە بولالماي قالىدۇ.

رەئىس بىلەن باش كاتىپ «شۇنداق، شۇنداق» دېگەندەك بېشىنى ئانچە - مۇنچە لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى. باش قوماندان مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— باش شتابتىن بىرەر كۈچلۈك ئادەم قوشۇلۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق، مەمۇرىيەتتىن بارغان ئۆمەكنى ئاۋارە قىلىشى، ھەتتا ئۇچ ناھىيىنى ئايلىنىپ چىقىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قالدۇرۇشى مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق.

تەشۋىق - تەسەللىي ئۆمىكى تەشكىل قىلىندى. ئۆمەك باشلىقلىقىغا باش قازى ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللا ھاجى تەيىنلەندى. ئۆمەك تەركىبىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇشاۋىرلىرىدىن بىرقانچە كىشى، باش شتابتىن سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى لياڭ كېشۇن قاتناشتۇرۇلدى.

4

«جەمىش» ماركىلىق كانادادا ئىشلەنگەن ھەربىي ئاپتوموبىل تاش-

يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. داۋانچىك كۆۋرۈكىگە يەتكەندە شوپۇر بىردىنلا قاتتىق تورمۇز قىلدى. ئۈستىدە ئولتۇرغانلار نېمە بالا بولغاندۇ، دەپ چۆچۈشتى. كابىنكىدا ئولتۇرغان ھەربىي باشلىق (باش شتابتىن قوشۇلغان كىشى) يەرگە چۈشۈپ، ئۈستىدە ئولتۇرغانلارغا قاراپ:

— چۈشۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇنىڭ ئەلپازى بۇزۇق كۆرۈنەتتى، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. قولىنى ئارقىغا تۇتقان باشلىق ئاپتوموبىلدىن چۈشۈۋاتقانلارغا قاراپ تاكى ھەممە ئادەم چۈشۈپ بولغاندا ئاندىن سۆز ئاچتى، — دىققەت! — دېدى ئۇ ئاۋازىنىڭ بولۇشىچە ۋارقىراپ، ئاندىن كىشىلەرگە تەكشى قارىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بىرەر سائەتكە قالماي بارىدىغان جايىمىزغا بارىمىز، ھەممىڭلارغا مەلۇم، ئۈچ ناھىيە ھازىر ھەربىي ھالەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەرتىپكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭلار كېرەك. ناھىيىلەرگە بارغاندا قالايمىقان سۆز - ھەرىكەتتە بولماڭلار، كىشىلەر بىلەن ئۆز مەيلىڭلارچە كۆرۈشۈپ، سىرداشماڭلار. بارلىق ھەرىكەت قوماندانلىققا بويسۇنۇشى، مېڭىش - تۇرۇش تەشكىللىك بولۇشى كېرەك. خىلاپلىق قىلساڭلار جازاغا تارتىلىسىلەر، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

ئۇنىڭ ئاۋازى تاغ تۇمشۇقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، تېخىمۇ دەھشەتلىك ئاڭلىناتتى. داۋانچىك ئېغىزىدا داۋاملىق چىقىپ تۇرىدىغان تاغ شامىلىدا ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاچ بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىدەك ئاڭلىناتتى. ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي بىر - بىرىگە قاراشتى.

— چىقىڭلار، چاپسان بولۇڭلار! — كىچىك بالىنى سەتلىگەندەك ئاچچىق توۋلاپ بېرىلگەن بۇيرۇقتىن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقان ۋەكىللەر بىر - بىرلەپ ئاپتوموبىلغا چىقىشتى.

ئاپتوموبىل داۋانچىك غولىدىكى ئەگرى - توقاي تاشيولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشكەن، بېشى ساڭگىلىغانىدى. ھەركىم ئۆز خىيالى، ئۆز غېمى بىلەن ئولتۇراتتى. ۋەكىل-

www.uyghurkitap.com

لەر ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىدە بولغان ئۆزگىرىشكە ھەيران بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنى گويا بەگۋاش ئاسلاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چاشقاندەك نىمجان ھېس قىلىشتى. ئاپتوموبىل ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيتتى. ئاشىپولىنىڭ قىرچىنتاللىقنى يېرىپ ئۆتكەن قىسمىدا ئۇرۇمچى تەرەپكە قاراپ تۇرغان ئۆزگە ئوخشاش يەنە بىر ھەربىي ئاپتوموبىلنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ ئاپتوموبىل لى خۇگيۇنى تۇرپاندىن قايتۇرۇپ چىققان ئاپتوموبىل ئىدى. لى خۇگيۇن شۇ تاپتا بولۇق قىرچىنتاللار ئارىسىدىن شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇزۇم يېۋاتاتتى. ئۇ كوزۇپقا قىزىل شەلپەر تارتىلغان ئاپتوموبىلنىڭ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ ئولتۇردى. ئۇ شۇنداق بىر ئاپتوموبىلنىڭ ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنىڭ لى خۇگيۇن ئۇيىنىغان تراگېدىيىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئاپتوموبىل ئۇزاپ، كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇرغان ئابلاجان قايىرىلىپ ئۇزۇم سېۋىتىگە ئېگىشىپ، ئوبدان پىشقان ئۇزۇمدىن بىر ساپاق تاللىۋېلىپ سۇدا چايقىغاندىن كېيىن لى خۇگيۇننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ــ دە:

ــ ماۋۇ، مەرۋايىتتەك ساپسېرىق مەي باغلاپ پىشقان ئۇزۇمكەن. قوللىرىدىكىنى تاشلاپ ماۋۇنى يېسىلە، زۇجاڭ، ــ دەپ ھىجايدى.

ــ يارايسەن، ــ دېدى لى خۇگيۇن قولىدىكى ئۇزۇمنى تاشلىۋېتىپ، ئابلاجان ئەكەلگەن يېڭى ئۇزۇمنى ئالدى ۋە، ــ كۆڭۈلدىكىنى تاپىدىغان يارامىلىق يىگىتسەن! بۇ قېتىم سەندىن رازى بولدۇم. خىزمىتىڭ يارىدى. ئۇرۇمچىگە چىققاندا ئاكاڭ سېنى ئوبدان رازى قىلىدۇ، سەن خاتىرجەم بول، ــ دېدى ئۇ كۆلكە ئارىلاش سۆزلەپ.

ــ ئۇ تەرەپلىرىدىن مەن خاتىرجەم، لېكىن بىر ئىش كاللامدىن ئۆتمىدى، ــ ئابلاجان بېشىنى چايقاپ قويىدى.

ــ ئېيتە، قېنى قانداق ئىش كاللاڭدىن ئۆتمىدى؟

ــ بىز نېمىشقا تۇرپاندىن قايتىپ چىقتۇق؟ مەن تېخى كەم دېگەندە بىر ــ ئىككى يۈز ئادەمنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئاندىن قايتارمىز

دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن تەرەپبال قايتماقچى بولغىنىمغا ھەيران قالدىم!
ئابلاجاننىڭ نارازىلىقى كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ ساراڭ كالىدەك ئۇيان ـ بۇيان قاراشلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لى خۇگېيۇن ئۇنىڭ غەلىتە قاراشلىرىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
قاسساپ بىر قوينى ئارتۇق ئۆلتۈرسەم بىر جۇپ بۆرەك ماڭا قالدۇ دەپ، جىقراق ئۆلتۈرگۈسى كېلىشى مۇمكىن. ئابلاجان نېمىنى ئويلاپ بىر ـ ئىككى يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كېپىنى قىلىدىغاندۇ! بۇ بىر سىر.
ـــ خاتىرەڭنى جەم قىل، بىز يەنە كېلىمىز، ـــ دېدى لى خۇگېيۇن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ. ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا نېمە ئۈچۈندۇر بىر قېشى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.
ـــ راستمۇ، زۇجاڭ! قاچانلاردا كېلىمىز؟ ـــ چىرايى ئېچىلغان ئابلاجان كېلىدىغان ۋاقىتنى سوراپ تۇرۇشىغا، ئارقا تەرەپتىن «پاڭ» قىلىپ ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. مېڭىسىگە ئوق يېگەن ئابلاجان پالاققىدە يەرگە يىقىلدى. ئۇ ئوقنى لى زۇجاڭنىڭ كۆز ئىشارىتىگە قاراپ خېيباڭ ئاتقانىدى.
ـــ ئابلاجان يارايتتى، بىراق ئىشەنگىلى بولمايدۇ ـ دە! ـــ دېدى لى خۇگېيۇن سوزۇلۇپ ياتقان ئابلاجاننىڭ جەسىتىگە قاراپ. ئۇ قولىدىكى ئۈزۈمنى چۆرۈۋېتىپ، يەكچەشمە بىلەن خېيباڭغا قارىدى، ـــ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش زۆرۈرىيىتىدىن شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇنى چۈشىنىدىغانسىلەر؟
ـــ چۈشىنىمىز، ـــ دېدى خېيباڭ ئالدىن جاۋاب بېرىپ، ـــ مانا ئەمدى خاتىرجەم بولدۇق.
ـــ ئابلاجان شاللاق نەرسىتى، مانا ئەمدى ئىنس ـ جىنمۇ بىلمەيدۇ، ـــ دېدى يەكچەشمە لى خۇگېيۇننىڭ كۆزىگە قاراپ.
ـــ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ كۆرگىنە، خېيباڭ، نېمىسى باركىن، ـــ دېدى لى خۇگېيۇن.
ـــ ئون سەر ئاق تەڭگىسى بار ئىكەن، ـــ دېدى خېيباڭ ئابلاجاننىڭ يانچۇقىدىن ئالغان كۈمۈش تەڭگىنى ئالقىنىدا شاراقلىتىپ.

— بۇ پۇلنى سەن ئال! — دېدى لى خۇگېيۇن ئۇنىڭغا قاراپ، — لېكىن باشقىچە ئويلاپ قالما جۇمۇ. بۇ تېخى ھېساب ئەمەس. ئۈرۈمچىگە چىققاندا دېگەنىدەك رازى قىلىمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايمەن، زۇجاك.

— كەتتۇقمۇ، ماڭايلى، بولمىسا! — دېدى لى خۇگېيۇن ئاپتوموبىل تەرەپكە ئۆرۈلۈپ. ئۇ بەش — ئالتە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن بىردىنلا توختاپ ئارقىغا قارىدى، — بولماپتۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈكى بەك ئوچۇق يەردە قاپتۇ. دالدىغا ئاپىرىپ قويساق قانداق؟ — دېدى - دە، جەسەت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يەكچەشمە بىلەن خېيباڭ تەڭ دېگۈدەك كەلگەنىدى.

— سۆرە، سەل ئىچكىرىرەك تارتىپ قوي، — دېدى لى خۇگېيۇن بۇيرۇق قىلىپ. خېيباڭ ئابلاجاننىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ سۆرىمەكچى بولۇپ ئېگىلىشتى، «پاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ خېيباڭ دۈم چۈشۈپ ئابلاجانغا جورا بولدى.

— ئابلاجانغا ئىشەنمىگەن يەردە سەن گۇيغا ئىشەنگىلى بولامتىدىمۇ، — دېگىنىچە شارت قىلىپ يېنىدىن خەنجەرنى سۇغاردى - دە، ئىككى ئۆلۈكنىڭ يۈز - كۆزىنى تىلىپ، تونۇغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. ئاندىن يەكچەشمە بىلەن بىرلىكتە ئاپتوموبىلغا قاراپ يول ئالدى.

× ×

بۇ ئويۇننى ئەنە شۇنداق ماھارەت بىلەن ئوينىغان جانابىي باش قوماندان، ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا تۇرپان - پىچان - توقسۇن خەلقلىرىدىن ئەپۇ سورايمەن، دەپ ئۆزرىخاھلىق بىلدۈردى.



www.uyghurkitap.com

# خېدىسخان

1

— سەن كېتىۋەر، چاپسان بول، مەن توسۇپ تۇرىمەن، ماڭا قارىماستىن ھەيدەپ كېتىۋەر!

سىيىتنىڭ جىددىي ۋە كەسكىن سۆزلىرى، يۈزگە يېقىن قوي، كالا پادىسىنى داۋاندىن ھەيدەپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان خېدىسخانغا بىرمۇبىر ئېنىق ئاڭلانغانىدى.

بۇ جىددىي پەيت ئىدى. داۋاننىڭ شەرق تەرىپىدىن يۈزدىن ئارتۇق دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىپ قالغانىدى. ئۇلار چۇقان - سۈرەن بىلەن داۋانغا يامىشىپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تىزىلىپ ئۆرلەپ كېلەتتى. سىيىت بەتلەگىلىك قارا مىلتىقنى ئەپچىل بىر جايغا قوندۇرۇپ تەييارلاپ قويغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن سالغا بىلەن ئېتىشقا بولىدىغان مۇشتتەك، قوشمۇشتتەك تاشلارنى توپلايتتى. ئارغامچا تاش دەپ ئاتىلىدىغان قورالمۇ يېنىدا تۇراتتى. بۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن گەرچە يالغۇز بولسىمۇ زەررىچە قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. تۇرقىدىن مىڭ دۈشمەنگە ئۆزى يالغۇز تېتىيدىغاندەك باتۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.

دۈشمەن يېقىنلاشماقتا. ئۇلار پۈتۈنلەي خىل قوراللار — بەشئاتار مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان، سان جەھەتتە يۈزدىن ئاشاتتى. چىش - تىرنىقى بىلەن قوراللانغان يۈزدىن ئارتۇق دۈشمەننى قارامىلتىق ۋە سالغا تاشلىرى بىلەن قوراللانغان بىر ئادەمنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرىدە ئەقىلگە سىغمايدىلا ئەمەس، بەلكى ئاقىلانىلىك ھېسابلان-

ماسلىقى مۇمكىن. ئەمما شۇ شارائىتتا سېيىت پالۋان شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەگەر بۇ ئىشقا سېيىت شۇنداق تاقابىل تۇرمىغاندا، ئۆز ھاياتىنى قامداپ كېتىۋاتقان مال چارۋىلىرى بۇلاڭ – تالاڭغا ئۇچراپ ۋەيران بولۇشى، ئەر – خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھاياتىمۇ تەڭلا نابۇت بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. قىسقىسى، يولۋاسقا يەم بولۇش ياكى يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت جىددىي سىناق ئۇستىدە قالغان سېيىت ئاخىرقى ھېسابتا دۈشمەننى ئۆزى يالغۇز توسۇپ تۇرۇش، مال – ۋارانلارنى خېدىسخان ھەيدەپ قۇتقۇزۇپ كېتىش قارارىغا كەلگەنىدى.

سېيىت تۇرغان يەر تەبىئىي ئىستىھكام — داۋان ئۈستى ئىدى. بۇ داۋانغا شەرق تەرەپتە بىر يۈز ئەللىك مېتىر يىراقتىنلا يالغۇز ئاياغ چىغىر يول بىلەن چىققىلى بولاتتى. دۈشمەن چېرىكلىرى ھازىر مۇشۇ تار يولدا تۆگە تېزىكىدەك قاتارلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئەگەر سېيىتنىڭ قولىدا بەشئاتار مىلتىق بولغاندا يىراقتىنلا ئېتىپ دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىدەك-لى بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ قولىدىكى قورال ئاغزىدىن بەتلەيدىغان قارا مىلتىق ئىدى. بۇ مىلتىقتا، دۈشمەن ئەللىك قەدەم دائىرىسىگە كىرگەن-دىلا ئاندىن زەربە بەرگىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ ھازىرغىچە مىلتىقنى قويۇپ تۇرۇپ سالغىدىن پايدىلاندى.

دۈشمەن يۈز مېتىرنىڭ نېرىسىدا قاتارلىشىپ كەلمەكتە. سېيىت سالغا بىلەن مۇشتەك چوڭلۇقتىكى تاشلارنى ئارقىمۇئارقا ئاتماقتا. بۇ تاشلار قەدىمكى زامان زەمبىرەك ئوقلىرىدەك غۇيۇلداپ بېرىپ دۈشمەنگە قاقشات-قۇچ زەربە بەرمەكتە.

سېيىت ئاتقان ھەربىر سالغا تاش ئۇچۇپ كەلگەندە ئۇنىلىغان دۈش-مەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ساراسىمىگە چۈشەتتى. بەزىلەر داد – پەرياد كۆتۈرۈشۈپ ۋارقىرايتتى. ئەپسۇسكى، سېيىت ئاتقان تاش يەرگە چۈشسە پارتلايدىغان ئوق ئەمەس – دە! ئەگەر پارتلايدىغان ئوق ياكى بومبا بولىدىغان بولسا دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن بولاتتى.

دۈشمەن يېقىنلاشماقتا. ئۇلارنىڭ ئەللىك قەدەم دائىرىسىگە كىرگەن بايراقچىسى بايراق ئوينىتىپ قوماندانلىق قىلاتتى. سېيىت بىرىنچى ئوق



www.uyghurkitap.com

بلەن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىدى. بۇ زەربىدە بىر پەللە پاتپاراق بولغان دۈشمەن كاناي چېلىپ يەنە قۇتراشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا سىيىت ملتىقنى بەتلەپ ئۆلگۈرگەنىدى. ئىككىنچى پاي ئوق بىلەن يەنە بىر دۈشمەن يىقىلدى. لېكىن ئارىلىق شىددەت بىلەن قىسقارماقتا ئىدى. دۈشمەن كاناي بىلەن ھۇجۇمغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇلار «شا... شا...» دەپ شاۋقۇن كۆتۈرۈپ ئىلگىرىلەيتتى. دۈشمەن ئونغا يېقىن ئادىمى ئۆلگەنلىكىگە قارىماي غالجىرلارچە ئىلگىرىلەپ ئون مېتىر دائىرىسىدىگچە يېقىنلاشقانىدى. قېچىشنى ئويلاپمۇ قويمىغان سىيىت ملتىقنى بەتلەپ ئۆلگۈرتكىلى بولمايدىغانلىقنى چۈشىنىپ، ئارغامچا تاشنى ئىشقا سالدى.

ئارغامچا تاش، تاغچىلارنىڭ ئاجايىپ قورال-لىرىدىن بىرى بولۇپ، بەش ـ ئالتە غۇلاچ ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى تاشنى پۇختا بېكىتىۋالاتتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن ئون مېتىر دائىرىسىدىكى دۈشمەننىڭ كاللىسىنى چىنەپ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن سوقۇپ تاشلايتتى. ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى قولىدا تۇتۇۋېلىپ ۋەزىپە ئورۇنداپ بولغان تاشنى قايتۇرۇپ كېلىپ يەنە ئىشقا سالاتتى. ئون مېتىر ئارىلىقتىكى جىددىي جەڭدە ئارغامچا تاش بىلەن جەڭ قىلىش قارا ملتىققا قارىغاندا جىق ئۈنۈملىك ئىكەن ئىدى.

سىيىت ئارغامچا تاش بىلەن ئىككى دۈشمەننىڭ كاللىسىنى يانجىپ تاشلىدى، يەنە بىر دۈشمەننىڭ تارغىقىنى چاقتى. لېكىن سان جەھەتتە ئۈستۈن دۈشمەن تەلۋىلەرچە يېقىنلاپ كېلەتتى. ئۇرۇش جىددىيلەشتى، ئۇنداق يا، مۇنداق ئويلاپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ئارغامچا تاشنى تاشلاشقا توغرا كەلدى. سىيىت ئەمدى يېقىنلاپ كەلگەن دۈشمەننى ملتىقنىڭ قوندىقى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ غۇلاچلاپ ئۇراتتى. نامەرد دۈشمەن ئوق ئېتىپ سىيىتنى يىقىتتى. ئۇنىڭغا ئۈچ ئوق تەگكەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 2

ھېسابسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن تاغ ئىچى لەرزىگە كەلگەندى. ھەر قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا كاناي چېلىنسا دۈشمەن چېرىكلىرىنىڭ «شا... شا...» دەپ تووۋلىغان ئاۋازلىرى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چارەك سائەتتىن كېيىن ئوق ئاۋازى شالاڭلاشتى، كېيىن پۈتۈنلەي بېسىلدى. تاغ ئىچى قانداقتۇر دەھشەتلىك گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمۈلگەندى.

خۇدانىڭ مۆمىنى ھېسابلانغان قوي - كاللار داۋاندىن چۈشۈپ جىلغا يولىدا كېتىۋاتاتتى. كۆڭلى ئەنسىزلەشكەن خېدىسخان ئۇلارنىڭ سۈرئىتىگە رازى بولماي «ئوش، ئوش» دەپ چاپسان مېڭىشقا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزى ھېسپەتەك تىقلىپ كېتىۋاتقان قوي - كاللارنىڭ يۈرۈشىدە بولسىمۇ، كۆڭلى - قۇلىقى ئارقىدا ئىدى. ئارقا تەرەپتىن تاراسلاپ كېلىدىغان يالغۇز ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولاتتى. سىيىت چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ باتۇر، ئۇ پالۋان، دۈشمەنلەرنى پۇخادىن چىققۇچە قىرىپ، ئەڭ ئاخىردا ئۆز جېنىنى ئېلىپ سالامەت قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

ئۇ پات - پات ئارقىغا قارايتتى. كۆڭلىدە سىيىت ئات سىلىپ كېلىۋاتقاندەكلا بولاتتى. سىيىت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ چوڭ يۆلەك، تاغدەك يۈرەك ئىدى. ئۇ بولمىغاندا ھەرقانداق دەھشەتتىن قىلچە قورقمايتتى، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تاغ تۇرمۇشنى ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى! بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق كۈن كەچۈرىدۇ. قېنى ئۇ كەلسۇنچۇ!...

قويلار ئالدىغا ماڭماقتا. ئازغانلىق جىلغىلاردا كەڭ - ئوچۇق ئېقىنلاردا كېتىۋاتماقتا. خېدىسخان پات - پات ئارقىغا قاراپ قوياتتى. بۇ قېتىم ئۇ يېڭىلا قوي ھەيدەپ چىققان داۋان ئېتىكىدىكى تاغ ئېغىزىغا كۆزى چۈشكەندە، سىيىت ئۇ يەردىن خۇددى سۆڭگۈچتىن چىققاندەكلا ئات

سىلىپ چىقىپ يېتىپ كېلىدۇ دەيدىغان ئۈمىدلىك تەسەۋۋۇر كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇ تەسەۋۋۇر خۇددى راستتەكلا ئۇنىڭغا خۇشاللىق بەخش قىلىپ تەنلىرىنى جۇغۇلداتقانىدى.

ئەمەلىيەتتە سىيىتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. داۋان تەرەپتە ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. تېخىچە ئېلىشۋاتامدىغاندۇ! قانداق بولغاندۇ!

خېدىسخاننى ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى قانداقتۇر چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ۋەھىمە باسقانىدى. ۋەھىمە ھېچقانداق شەكىلگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان، تۈكلىرى سالۋاراپ تۇرىدىغان قاپقارا مۇدھىش بىر ھايۋان. ئۇنىڭ ھەربىر تال مويىغا غەم ـ ئەندىشە، قورقۇنچ، پالاكەت، ئۆلۈم، ئىشقىلىپ ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنىدىغان قوڭغۇراقلار ئېسىلغان. بۇ قوڭغۇراقلاردىن دەھشەتلىك سادالار جاراڭلاپ تۇرغاندەك قورقۇنچلۇق بولاتتى. بۇ ۋەھىمە كىمگە چاپلاشسا شۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ، قۇلاقلىرى جاراڭلاپ، مېڭىسى زىڭىلداپ كېتەتتى.

خېدىسخان تاغ ئىچىدە يالغۇزدىن يالغۇز قېلىپ دەل شۇنداق ۋەھىمە ئىچىدە قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سىيىتنىڭ ئات سېلىپ يېتىپ كېلىشىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك سېغىنغانىدى. ئۇ يېتىپ كەلسە ئۆزىنى چىرمىۋالغان ۋەھىمە خۇددى تۇتەككە ئوخشاش توزۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى.

ۋەھىمىدىن ئىبارەت بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئاللىقانداق بىر جايلىرىدا يەنە ئۈمىد كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇددى بىر قازان سۇدا لەيلەپ تۇرغان بىر تامچە ياغدەك پىلدىرلاپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، ئۈمىدنىڭ كۆچىدە پات ـ پات ئارقىغا قاراپ قوياتتى. لېكىن سىيىت كۆرۈنمەيتتى.

«سىيىت... ھەي سىيىت!... سەن قېنى!...»

خېدىسخان بار ئاۋازى بىلەن ئۇنى چاقىرماقچى، تاغ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنداق قىلمىدى. يەنە بىر قېتىم ئارقىغا قارىدى. ھېلى ئۆزى ئۆتۈپ كەلگەن تاغ ئېغىزى يىراقتا قالغانىدى. نېمە ئۈچۈنكى يىراقتىن ئۇ ئېغىز تېخىمۇ كىچىكلەپ گويا توشۇقانمۇ ئۆتەلمەيدىغاندەك تار كۆرۈنەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ، يولدا كېتىۋاتقان ماللارغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى. «ھەي سىبىت، سەن بىلەن قانداق ئۆتكەن بىز...» ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا خىيالغا كەتتى...

... ئۇ، ناسىرنىڭ يېگانە قىزى ئەمەسمىدى! ئاتىسى ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى... ئولتۇرسا ـ قوپسا خېدىسخان دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇن ئالتە يېشىغا يەتكەندە تۇرمۇشقا چىقاردى. قېيناتا ـ قېينانىسىغا خىزمەت قىلىپ ياردى. لېكىن بىر يېرى يارىمىدى. بەش — ئالتە يىلغىچە تۇغمىدى. يىگىتىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خېدىسخاننىڭ بۇ ئەيىبىنى كەچۈرۈم قىلماي ئاخىر ئوغلىغا تاپا قىلىپ خېتىنى بەرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن چېچىغا «تۇغماس» دېيىلگەن چاچ تەگكىسىنى ئېسىپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئاتىسى ئۇنى ئىسسىق قويىنىغا ئېلىپ ئاۋۋالقىدەكلا ئولتۇرسا ـ قوپسا خېدىسخان دەپ ئارزۇلىدى. خېدىسخان ئۆي خىزمىتى قىلغاندىن تاشقىرى ئاتىسىغا ياردەملىشىپ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئەھۋالغا قاراپ گاھىدا ئات مىندى، گاھىدا ھارۋا ھەيدىدى، قوناق چاغلىدى، ئورما قىلدى. خۇددى ئوغۇل بالىدەكلا ئاتىسىغا يارىتىپ بىر كىشىلىك ئىش قىلدى. شۇغىنىسى ئۇنىڭغا بەش — ئالتە يىلغىچە ئەلچى كەلمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا «تۇغماس» دەپ ئەيىب قويۇپ قىزىقمايۋاتسا كېرەك. بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان خېدىسخان ئۆز ئىشىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى. بەزىدە چوڭ ياشلىق كىشىلەر ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ئالىمىز دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. بۇنداقلارنى خېدىسخان قاتتىق رەت قىلدى. رەت قىلغاندىمۇ كۆپ قېتىم رەت قىلدى. يىللار ئۆزاردى. ئېتىزلاردا تەڭ دېمەتلىك كىشىلەر، يىگىتلەر بىلەن ئىشلەيدىغان چاغلار كۆپ بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا قىز ـ يىگىتلەر گاھىدا چاقچاقلىشىپ قالاتتى. گاھىدا كېلىنلەر ئەرلەرنى بېسىپ بوزەك ئېتىپ ئوينايدىغان چاقچاقلارمۇ بولاتتى. مۇنداق چاقچاقلار كۆپىنچە ئېرى يوق ئايال، خوتۇنى يوق يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا بولاتتى. خېدىسخانغا مۇنداق چاقچاق كۆپرەك مەركەزلىشىپ قالاتتى. خېدىسخان بۇ چاقچاققا بوش كەلمەيتتى. ئۆزىگە چېقىلغان يىگىتلەرنى بېسىپ ۋايجېنىنى چىقىراتتى. خېدىسخاننىڭ بۇ جەھەتتىكى

ئارتۇقچىلىقى ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆپرەك ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئۆز مەھەللىسىدىكى كېلىنلەر، يىگىتلەر خېدىسخاننى «ئەركەكتەك كۈچى بار» دەپ ماختايدىغان بولدى. بەزەن ئاچچىقى كېلىپ قالغانلار ئۇنى «خېدىس-خان ئەركەك»، «خېدىسخان ھاڭگا» دەيدىغان لەقەم بىلەن ئاتاپ يۈردى. بەزەن غەرەزلىك يىگىتلەر ئۇنىڭغا: «مەن ئالسام تېگەمسەن!» دەپ چاقچاق قىلاتتى. بۇنداقلارغا خېدىسخان تارتىنماستىن «بىگىسىڭ بولسا كەل، مېنى بېسىۋالالىساڭ تېگىمەن!» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئەگەر شۇنداقلار بىلەن چېلىشىپ قالىدىغان بولسا بېسىۋېلىپ رەسۋاسىنى چىقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى چىقاتتى. مەھەللىدىكى ھەرقانداق يىگىت ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولدى.

يېزا يېرىدە ئۆزىگە يارىشا ئويۇن - كۈلكە تېپىلىپ تۇراتتى. مەھەللىدىكى يىگىتلەر گاھىدا چەت - ياقىدىكى يىگىتلەرنى قىزىقتۇرۇپ كېلىپ خېدىسخانغا سالاتتى. خېدىسخان ئۇنداقلارنىمۇ بېسىپ باش - كۆزىنى توپىغا پاتۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ تېلىققۇدەك كۈلۈشىگە سەۋەبچى بولاتتى.

بىر كۈنى خېدىسخان قاتارلىق ئۈچ - تۆت ئايال، بىر - ئىككى ئەركەكلەر ئۆملىشىپ قوناق چاغلاۋاتقان يەرگە بىر تاغچى كېلىپ قىر بېشىدا ئولتۇردى. بۇنى كۆرگەن ئەر - ئاياللار ئويۇن چىقارماقچى بولۇشۇپ كەتمەنلىرىنى تاشلاپ يېقىنلاپ كېلىشتى.

— نەدىن كەلدىڭ، بوز يىگىت؟ — دېدى ئەركەكلەردىن بىرى.

— تاغدىن كەلدىم، — دېدى ئۇ.

— تېغىڭدا ئوتلىماي نېمە قىلىپ يۈرسەن، يەر جۇگان قۇشلاي دەپ كەلدىڭمۇ؟

— قۇشلا دېسەڭلار قۇشلايمەن! — دېدى تاغچى ئۇلارغا پىسەنت قىلماستىن.

— پاراڭ چوڭغۇ!

— قۇشلاي دېسەڭ قۇشلا، قېنى ئۇچىمىزدىن بىرىنى تاللا! — دېدى - دە، ئاياللار قويۇق كۈلكە ئىچىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار تە-

رەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ تاغچىغا ئېسىلدى. تاغچى ئۈچ ئايالغا تاقابىل تۇراتتى. چاقچاق باشلاندى. ئاياللار خېدىسخانغا كۆز قىسىپ قويۇپ چېكىندى. تاغچى بىلەن خېدىسخان يەككە ئېلىشتى. بىراق تاغچى بوش كەلمىگەندى. خېدىسخاننى يىقىتىپ مەردلەرچە قىر بېشىدا ئولتۇردى.

— خېدىسخان، كېپىگىدە تۇر، تاغچىنى سېنى يىقىتتى، شۇنىڭغا تەگ! كېپىگىدە تۇر!...، — ئاياللار قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. تاغچى ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغاندى.

— ئېتىڭ نېمىدۇ، بوز يىگىت؟ — دېدى ئاياللاردىن بىرى.

— ئېتىم سىيىت.

— سالتاكمۇ سەن!

— سالتاك.

— راستتىن سالتاك بولساڭ، مۇشۇ چوكاننى ئال. ساڭا بېرەيمىز!

بۇ پاراڭلار قويۇق كۈلكە ئىچىدە بولغاندى.

«سىيىت» بۇ ئىسىم خېدىسخاننىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغاندا نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىگە چوغ چۈشكەندەك پىژژىدە بولغاندى.

بۇلارنىڭ يولتۇزى قوشۇلۇپ قالغاندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سىيىت بىلەن خېدىسخان توي قىلدى. ئىككىسى ئۇڭايلا مىجەز ئېلىشىپ، كۆڭۈللۈك ئۆي تۇتتى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتتى. خېدىسخان گەرچە تۇغمىغان بولسىمۇ سىيىت بىلەن ئوبدان ئۆتتى. ئون نەچچە يىلنى خۇددى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. يۈزگە يېقىن قوي، سەككىز — ئون كالىسى، مىنىدىغان ئىككى ئېتى بار بولدى.

1931 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇرمۇش تەرتىپى بۇزۇلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا زۇلۇمغا قارشى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندى. قوزغىلاڭ خۇددى ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك، قۇمۇل تاغلىرىنى قاپلاپ كەتتى. سىيىت تاغ ئىچىدە جاراڭلىغان ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدە ئۆز ئىگىلىكىنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى، بىرقانچە قېتىم جەڭگە قاتناشتى. ئۇنىڭ قارا مىلتىقى دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشقا يارايتتى. ھەر قېتىم جەڭ ئاخىر-

لاشقاندا، ئۇ قايتىپ كېلىپ ئىگىلىكنى باشقۇراتتى. بۇ قېتىم، ئۇ ئۆيىنى كۆچۈرۈپ، مال ـ چارۋىلىرىنى ھەيدەپ تاغقا ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتقاندا، يېڭى ھۇجۇم قوزغىغان دۈشمەن يېتىشىپ كېلىپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ مال ـ چارۋىلىرىنى ۋە ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كالتا داۋاندا ئۆزى يالغۇز قېلىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشماقتا. دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ باتۇر، ئۇ پالۋان!

خېدىسخان بۇرۇلۇپ ئارقىغا قاراپ، ئېغىز تەرەپتىن چىققان تۆت ئاتلىقنىڭ قارىسىغا كۆزى چۈشتى. ئۇلار ئات سېلىپ كېلىۋاتاتتى...

3

«بۇلار كىم؟»

خېدىسخان ئۇلارغا بۇ قېتىم قايرىلىپ قارىغاندا، ئاتلىقلار قالايمىقان ئوق ئېتىپ يېقىنلاۋاتاتتى. بۇلارنىڭ كىملىكى ئايدىڭلاشقانىدى. خېدىسخان دەرھال مالنىڭ ئالدىنى توسۇپ سول تەرەپتىكى بىر قولتۇققا توختاتتى. ئاندىن ئاتتىن چۈشۈپ بىر بۇرجەكتە تىز پۈكۈپ ئولتۇردى. ئاتلىقلار يېتىپ كەلگەنىدى.

— نەگە ھەيدەيسەن، توختا، كىمنىڭ قويى!؟ — ئۇلار ۋارقىرىغان بويى يېقىنلاپ خۇددى ئاچ بۆرىلەردەك قارىشىپ جاۋاب كۈتەتتى.

— مېنىڭ! — دېدى خېدىسخان خىرامان بىر قىياپەتتە.

— سەن كىم، ئېرىڭ قېنى؟

— ئېرىم يوق.

— يالغۇزما؟

— ئاتام ـ ئاپاملار ئالدىمدا كەتكەن.

— داۋاندا بىزنى توسۇغان، سېنىڭ نېمەڭ؟

— تونۇمايمەن.

— بىز ئۇ تەلۋىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۇق.

سىيىتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى خېدىسخانغا توك سوقۇۋەتكەندەك تەسىر

www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى. لېكىن ئۇ ھازىر ماتەم ۋاقتى ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەنىدى. چىراي-
دا پەيدا بولغان مەيۈسلۈكنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بويىنىنى تولغاپ ماللار
تەرەپكە قارىۋالدى. ئالدى تەرەپتىكى تاغلار چايقىلىپ، دەل ـ دەرەخلەر
ئۆگدا ـ دۈمدە بولۇۋاتاتتى.

ــ ھېچ يەرگە قىمىرلىمايسەن، قالايمىقان ھەرىكەت قىلىدىغان بولساڭ ئايال دېمەستىن ئېتىپ تاشلايمىز!

دۈشمەننىڭ كېيىنكى قىسىملىرى يېقىنلاۋاتاتتى. چېرىكلەر چوڭ قىسىم چۈشكۈن قىلىدىغان جايلارنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرەتتى. چارەك سائەتكە قالماي چوڭ قىسىم يېتىپ كېلىپ، ھەربىر پەي، بەن بويىچە ئورۇنلاشتى. ئەتراپقا پوست قويۇپ قازان ئاستى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى چەبدەس ئىدى. بىرقانچە قوينى سۆرەپ كېلىپ، يول ئۈستىدىلا مىڭسىگە ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئاندىن بىر بەنگە بىردىن قوي تارقىتىپ بەردى...

كۈن قايرىلىپ تاغ كەينىگە ئۆتكەنىدى. ئارقا تەرەپتىن يەنە بىر تۈركۈم چېرىكلەر كەلدى. ئېقىن ئىچى ئارا قاغىدەك چېرىك بىلەن تولغانىدى. ئۇلارمۇ سەككىز ــ ئون قوينى مىلتىق بىلــەن ئېتىپلا پارچە-لاشقا باشلىدى.

خېدىسخان قويلار توپلانغان قولتۇقتىكى بىر توپ قارىغايغا يۆلىنىپ جىم ياتاتتى...

«... سىيىت ئۆلۈپتۇ، راستتىن ئۆلگەنمىدۇ!؟»

بۇ سوئال ئۇنى چەكسىز چوڭقۇر چەكسىز كەڭ ماتەم دېڭىزىغا غەرق قىلغانىدى. ئۇ گويا دېڭىزدا قالغان ئىگىسىز قېيىقتەك دېڭىز دولقۇنلىرىدا چايقىلىپ تاغدىن ـ تاغقا، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلاتتى. ئۇنى، بۈگۈن بىر سائەت ئىچىدە بولغان ئۆزگىرىش شۇنداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. يېگىلا ساپساق قالغان بىر باتۇر قانداقمۇ ئۆلۈپ قالسۇن! ئۆلدى دېگەن قانداق گەپ، قانداق تەقدىر. ئۇ، بۇ تەقدىرنى چۈشىنىشكە ئۇرۇناتتى، ئەمما بۇ توغرىدا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئامالسىز ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى تاشتەك قېتىپ، يارىماس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

تاغ ئۈچى بىردەمدىلا كەچ بولدى. پۈتۈن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئىغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندى. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىر-لاشقا باشلىدى. يېقىندا بولسا چېرىكلەر ياققان گۈلخانلار لاۋۇلداپ تۇراتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ خېدىسخان ياتقان يەرگە كۆزەتچى قويۇلغانىدى. خېدىسخان ئۇنى باشتىلا سەزمىگەنىدى. راۋۇرۇس قاراڭغۇ چۈشۈپ چېرىكلەر بىر — بىرىگە يۆلىنىپ يېتىپ ئۇخلاشقا باشلىغاندىلا سەزدى.

قاراڭغۇدا كىمدۇر بىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشى ئۇنى چۆچۈتتى. ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىدىن ئون قەدەم نېرىدا ئۇزۇن ملتىقلىق بىر چېرىكنىڭ كۆزەت قىلىپ ئۇيان — بۇيان مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

خېدىسخان كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىۋالدى. ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ قانداق خىيالدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كىمدۇر بىرى قاراڭغۇدا ئىڭىشىپ سىنچىلاپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئىبىق كېلىپ ئۆلۈكمۇ — تىرىكمۇ دەپ يۇراۋاتقاندەك باشقىچە تىنىقىنىڭ شەپىسى كېلەتتى. خېدىسخان چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراۋاتقان چېرىك كۈلۈمسىرىگەندەك بېشىنى ئەپقېچىپ:

— ئويغاقمۇ سەن، قورقما، — دەپ پىچىرلىدى.

خېدىسخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭلاي چاچلىرىنى تۈزىگەن بولۇپ جىم ئولتۇردى. چېرىك ئۇ تەرەپكە كېتىپ گويا ئەتراپقا ھوشيارلىق بىلەن سەپسېلىپ كۆزەت قىلىۋاتقاندەك بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يەنە كەلدى.

— راستىن ئېرىڭ يوقمىدى؟ — دېدى ئۇ ئاستا پىچىرلاپ.

— يوق.

— نەگە كەتكەن؟

— ئۆلۈپ كەتكەن.

— قاچان

— يەتتە — سەككىز يىللار بولغاندۇ!

— شۇنچە ئۇزۇنغىچە ئەرگە تەگمەي ئولتۇرۇدۇكمۇ، ۋاي بىچارە!...، — دېدى چېرىك ئىچىنى ئاغرىتقاندەك قىلىپ، خۇددى ئېچىنىپ تەلەپ قىلغاندەك بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئۇ تەرەپكە كەتتى. كېچىكمەستىن چاپسانلا قايتىپ كېلىپ، — بەك ياخشى ئايال ئىكەنسەن، يېنىڭدا بىردەم ئولتۇرايمۇ؟ — دېدى ئۇ. بۇ سۆزنى ئۇ ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن سىلىق دېگەنىدى. خېدىسخان بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى چېرىكنى ئېيتقۇسىز خۇشال قىلغانىدى.

— بەك ياخشى ئايال ئىكەنسەن! — دېدى چېرىك ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، — مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە ساڭا ئوخشاش ياخشى ئايالنى ئۇچراتمىغان!

خېدىسخان يەنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى يېنىدا ئولتۇرغان ئەركەكنى ئۆزىگە كۈچلۈك تارتقانىدى. شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا قول ئۇزىتىپ خېدىسخاننى ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى. يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە قىلىسەن! — خېدىسخان سەل - سەل قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆزىنى تارتتى.

— مەن خۇش بولاي! — دېدى چېرىك تېخىمۇ يېقىنلاپ، ئۇ خۇددى يوقاتقان ھالدا يالۋۇراتتى.

— ماۋۇ ئازغىنىنىڭ ئارقىسىغا...، — دېدى خېدىسخان ئۆزىدىن بەش قەدەم نېرىسىدا تۇرغان ئازغىننى كۆرسىتىپ. مۇنداق چاغلاردا ئەركەكلەر ھېچ نەرسىنى ئويلاپ تۇرمايتتى... شۇڭا چېرىك ئازغىنىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ خېدىسخانغا قۇچىقىنى ئاچتى. خېدىسخانمۇ خۇددى يوقاتقاندەك ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. چېرىك بۇ لەرزان مىنۇتلاردا «ۋاي جېنىم، بەك ياخشى ئايال ئىكەنسەن!» دېمەكچى بولۇۋىدى، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا چەكچىيىپ قالدى. غول ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇلغان پىچاق ئۇنى چەكچەيتىپ قويغانىدى.

— كاپىر، جوھۇت!...

خېدىسخان چېرىكنى نەپرەت بىلەن تىللاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ تاشلىدى. چېرىك خۇددى سامان تاغىرىدەك غۇلاپ چۈشكەندى. خېدىسخان ئۇنىڭ ئۆشنىسىدىكى ئوق خالتىسىنى ئاجرىتىۋېلىپ ئاندىن مىلتىقنى قولىغا ئالدى.

4

يېپيېڭى بەشئاتار مىلتىققا ئىگە بولغان خېدىسخان بىردەم پوست قىلدى. خۇددى دۈشمەن ئەسكىرىگە ئوخشاش ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ ئەتراپنى كۆزەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ شۇ ۋاقىت، شۇ شارائىتتا بۇ كىچىكتۇرگىلى بولمايدىغان جىددىي مەسىلە ئىدى. ئەنە ئەللىك قەدەم نېرىدا يۈزلىگەن دۈشمەن يېتىپتۇ، ئەتراپتا پوستلار تۇرۇپتۇ، پوست ئالمىشىپ كەلگۈچە ئەلۋەتتە بىر تەرەپ بولۇش كېرەك.

خېدىسخان ئويلاۋېتىپ خالتىدىكى ئوقنى ساناپ چىقتى. مىلتىقتىكى بەش تال ئوقنى قوشقاندا جەمئىي ئوتتۇز بەش تال ئوق بارلىقى ئېنىقلاندى. ئەمدى قانداق قىلىش توغرىسىدا تېخىچە قانائەت قىلغۇدەك بىرەر يول تېپىلماي ۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ قالغانىدى. باغلاقتىكى ئۆز ئېتىنى بەشتى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلغانلىقىنى ئويلاپ تۇرماستىنلا ئاتنى يېتىلەپ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ئومۇرتقا تاغقا ئۆرلەپ ماڭدى. بۇ تاغ ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. خېدىسخان تاغ ئۈستىگە چىققاندا دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن بىر يۈز ئەللىك مېتىرچە يىراقلىقتا قالغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ بىر ـ بىرىگە تاغارچىلاپ ئارتىلىپ ئۇخلىشىۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى مەددە قۇرتتەك كاللەك ـ كاللەك بولۇپ ياتقانلىقى، يىلىنجاپ تۇرغان گۈلخان يالقۇنىدا ئېنىق كۆرۈنەتتى. خېدىسخان ئۇلارنىڭ بىزەڭ كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئىختىيارسىز سەسكەندى.

«ئىپلاسلار، پۈتۈن ۋەيرانچىلىقنىڭ سەۋەبچىسى سەنلەر بولماي كىم!

www.uyghurkitap.com

ھەممە يەرنى پاراكەندە قىلىۋېتىپ ئۇخلاپ ياتقىنىڭلار نېمىسى، ئېتىش كېرەك!...»

يول تېپىلدى. كاللەكلىشىپ ياتقان دۈشمەنگە قارىتىپ ئارقىمۇئارقا بەش پاي ئوق ئاتتى. تۇيۇقسىز چىققان ئوق تاغ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندى. گاڭگىراپ قالغان دۈشمەن نېمە قىلىشنى بىلمەي قىيا ـ چىيا ۋارقىرىشىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىشاتتى. خېدىسخان ئاتقان ئوقتا ئۆلگەنلەر سۇنايلىنىپ قالغانىدى.

دۈشمەن ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يوشۇرغاندىن كېيىن، ئوق چىققان تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ھېسابسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن تاغ ئىچى جاراڭلاپ كەتكەندى. بۇ چاغدا خېدىسخان سىيىت قالغان داۋانغا قاراپ ماڭغانىدى. مەلۇم جايغا يەتكەندە ئۇ توختاپ دۈشمەنلەرنىڭ قارىغۇلارچە ئوق ئېتىۋاتقان ئەخمىقانە ھەرىكىتىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلدى ـ دە، ئويلاپ تۇرماستىن ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. بىر قىسىم دۈشمەن بۇ تەرەپكە قايرىلىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدى ـ ئارقا تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى چۈشىنىپ كۈچلۈك مۇداپىئە ئويۇشتۇردى. قويۇق ئوت ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇشقانىدى. زۇلمەت تۈن قوينىدا يەرگە پاقىدەك چاپلىشىپ كەتكەن دۈشمەن قالايمىقان ئوق ئېتىشتىن باشقا يەنە قانداق ھەرىكەت قىلالىسۇن!

خېدىسخان داۋان تەرەپكە ئۇچقۇشلۇق كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەر شارائىتىنى پىششىق بىلەتتى. مىنگەن ئېتى تېخىمۇ پىششىق ئىدى. ئىگىسىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغاندەك ئەپچىل جايلار بىلەن يەلكەندەك ئۈزەتتى.

خېدىسخان كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتىكى تاغقا دەستىسى تېگىپ قالاي دەپ قالغان قوشۇق يۇلتۇزنىغا كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ تۇرغان ئورنىدىن تۈن نىسپىي بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئاتنى دېۋىتىپ، سىيىت قالغان داۋانغا چاپسانراق يېتىپ بېرىشنى ئويلايتتى.

«ھەيدە، چاپسان ھەيدە، مەن توسۇپ تۇرىمەن. ماڭا قارىماي ھەيدەپ كېتىۋەر!»

خېدىسخان داۋانغا ئېسلغاندا سىيتنىڭ بۇ سۆزلىرى خۇددى ھازىر-قىدەك جاراڭلاشقا باشلىدى. بۇ سادا ئۇنى تېخىمۇ ئالدىراتقاندى.
مانا، سىيت قالغان داۋان، ئۆزى يالغۇز يۈزلگەن دۈشمەنگە قارشى شىددەتلىك جەڭ قىلغان داۋان! خېدىسخان داۋان ئۈستىگە چىققاندا، بۇ داۋان جەڭگىۋارلىقى بىلەن ئىللىق ھەم يېقىملىق تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇئانلا «سىيت» دەپ تووۋلغۇسى كەلدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنداق قىلمىدى. تووۋلماستىن قۇشتەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا تەلمۈرۈپ ئىزدىنىش-كە باشلىدى. ئەپسۇسكى سىيت كۆرۈنمەيتتى. ئاتتىن چۈشۈپ سىيت پاناھلىنىپ قالغان قورام تاشلىققا باردى. ئۇ يەردىمۇ سىيت يوق ئىدى. بىر چەتتە قاپقارا بىرنەرسە تۇراتتى، خېدىسخان ئالدىراپ بېرىپ ئۇنى ئالدى. بۇ، سىيت تۇتقان قارا ملتىقنىڭ پارچىلانغان قوندىقى ئىدى. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولدى... «ھەي سىيت، ملتىقىڭ بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، ئۆزۈڭ قەيەردە!» دەپ ئوىلاندى. كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: «ھەي سىيت، سەن قېنى!؟» دەپ تووۋلاپ تاشلىدى. ئەتراپتىن ئەكس سادا جاراڭلىدى، ئات پات ــ پات پۇرقۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى.
خېدىسخان ئېغىر دەھشەت ئىچىدە قالغاندەك تىترەشكە باشلىدى. ئەتراپ جىمجىتلىق، ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنگۈدەك جىمجىتلىق قاپلىغاند-دى. خېدىسخان ئاستا قەدەملەپ داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىگە تۆۋەنلەپ ماڭدى. ئون قەدەم ماڭا ــ ماڭمايلا يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئازغانلىقتا ياتقان بىر نەرسىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇ ئالدىراپ يېقىنلاپ بېرىپ بىر دۆۋە ئۆلۈكلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىيت ئۆلتۈرگەن» دېدى ئىچىدە.
«سىيت ئۆلمىدى، ئۇ بار! ــ دېدى ئۇ ئازغانلىقتىن قايتى-ۋېتىپ، ــ سىيتنىڭ ئۇچىسىدا تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان چەكمەن چاپان بار. تايىنلىق كۆرسەملا تونۇۋالىمەن!»
بۇ تەرەپتە يەنە بىرنەرسە چېلىقتى، ئۇ سارغۇچ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ سىرقىراپ ئاغرىغاندەك بولدى. بىر بېسىپ، ئىككى

www.uyghurkitap.com

بېسىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا بىردىنلا «ۋاي سىيىت!» دەپ ئۆزىنى تاشلىدى. «باتۇرۇم، پالۋىنىم!» دەپ پۇخادىن چىققۇچە يىغلىدى.

خېدىسخان ئومۇرتقا تاغنىڭ غەربىي ئۇچىغا كەلگەندە سۈبھى كۆتۈرۈلگەندى. تاغ ئۈستىدە توختاپ دۈشمەننى بىردەم كۆزەتتى. ئۆزىدىن ئىككى يۈز قەدەم نېرىسىدا يەرگە پاقىدەك چاپلىشىپ كەتكەن دۈشمەن سۈبھى نۇرانىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار مۇداپىئە ھالىتىنى بۇزماستىن ھەركىم ئۆز جايىدا مۆگدەۋاتاتتى.

خېدىسخان ھېچقانچە ئويلاپ تۇرماستىنلا ئۇلارغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتتى. چۆچۈپ ئويغانغان دۈشمەن يەنە بىر قېتىم ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى. ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا قالايمىقان ئوق ياغدۇرۇپ ئۆز جېنىنى قوغداپ قالماقچى بولۇشتى.

خېدىسخان ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ئۆز يولىغا كەتكەندى. ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدە قۇلاقلىرى پاڭقاي بولۇپ كەتكەن دۈشمەن، خېدىسخان چاپتۇرۇپ كەتكەن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالغانىدى.

5

ئومۇر تېغىدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە خوجىنىيازھاجى باشلاملىق قىلغان قوشۇنغا يىڭىدىن بىر ئادەم قوشۇلدى. بېشىغا قازاقچە مالىخاي، ئۇچىسىغا ئۇزۇن چاپان كىيىپ بېلىنى كەمەر بىلەن باغلىۋالغان بۇ ئادەمنىڭ ياش قۇرامى ئوتتۇزنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنەتتى. ئىككى مەڭزىدىن قان تەپچىپ تۇراتتى.

ئۇ كېلىپلا بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلەپ دۈشمەنگە ئوت ئاچتى.

— كىمدۇ؟ نەدىن كەلگەندۇ!

— قولىدىكى بەشئاتار يىڭىكەن!

— چىرايلىرى پاكىز كۆرۈنىدۇ، كىمنىڭ بالىسىدۇ!؟

بەزەن تاغلىقلار ئۇنىڭغا ئارىلاپ قاراپ ئۆزئارا پىچىرلاشتى. بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىققا كۆزى چۈشكەندى. يىڭى كەلگۈچى بۇ

ئىشلاردىن بىخەۋەر، ھەدەپ دۈشمەنگە ئوق ئاتتى.

بۈگۈنكى جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. تاغلىقلار بۇ يەردە جاڭ زىخېڭنىڭ بىر پولك (مىڭدىن ئارتۇق) ئادىمىنى خالتىغا سولىۋالغانىدى. ھەر قايسى مۇھىم ئورۇنلارنى پۇختا ئىگىلىگەن تاغلىقلار تەرەپ ـ تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرەتتى. خالتىغا سولىنىپ قالغان دۈشمەن، چوڭ كوچىدا ئۇر ـ ئۇرغا قالغان غالجىر ئىتتەك ئۆزىنى ھەر يانغا ئۇراتتى. لېكىن قەيەرگىلا ئۇرسا تۇمشۇقى قان بولاتتى. ئۇرۇش پۈتۈن بىر كۈن داۋام قىلىپ، تولۇق غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ بىرمۇ ئادىمى قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنىدى.

— ئېتىڭ نېمە؟ — دېدى بىر تاغچى، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا.

— ئېتىم سىيىت، — دېدى يېڭى قوشۇلغان تاغچى.

— نەدىن كەلدىڭ؟

— دېۋو تاغدىن! — دېدى ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ.

— دېۋو دېگەن قايسى تاغ؟

— سوراپ نېمە قىلىسەن، نەدىنلا كەلسەم كەلدىمغۇ؟

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟

— نېمىسىنى سورايسەن، ئۆزى ئۆلگەن، مال ـ ۋارىنى تالاڭغا كەتكەن!

— سېنى كىم ئەۋەتتى؟

— دۈشمەنچۇ!...

سورىغۇچى بىرئاز ھەيران بولۇپ سوراشتىن توختاپ قالدى.

ئەھۋال خوجىنىياز ھاجىغا مەلۇم قىلىندى:

— قولىدا يېڭى بەشئاتار، نەدىن كەلدىڭ دېسەك تاغدىن دەيدۇ، كىم ئەۋەتتى دېسەك، دۈشمەن ئەۋەتتى دەپ پىسەنت قىلماي تۇرىدۇ، — دېيىشتى مەلۇم قىلغۇچىلار.

ھاجى چۇس ئادەم ئىدى. ئاچچىقىدا ساقاللىرى دىر ـ دىر تىترەيدىتى.

— ئۆزۈم سوراق قىلىمەن، چاقىرىڭلار ئۇنى!

www.uyghurkitap.com

سىيىت كەلگەندە ھاجى ئۆزى سوراق قىلدى:

— راستىڭنى ئېيت، بولمىسا ئاتقا سۆرىتىۋېتىمەن، ئېيت، سېنى كىم ئەۋەتتى؟

— راست گەپ شۇ، ئۆلتۈرىدىغاننى ئۆلتۈردى، بۇلايدىغاننى بۇلىدى، تالىدى، ئاندىن مېنى ئەۋەتتى. بولمىسا ماڭا نېمە بار بۇ تاغدا! — دېدى سىيىت بىپەرۋا جاۋاب بېرىپ.

— توغرا گەپ! — دېدى خوجنىيازھاجى سىيىت تەرەپكە ئۆتۈپ، — ئۇلار ئۆلتۈرمىسە، بۇلاڭ - تالاڭ قىلمىسا سەن كەلمەيتتىڭ شۇنداقمۇ! ئەلۋەتتە شۇنداق. ئەگەر شۇنداق بولمىسا سەنمۇ كەلمەيسەن، مەنمۇ كەلمەيمەن، شۇنچە كۆپ قورال تۇتقان باتۇرلارمۇ كەلمەيدۇ. ئۇلار زۇلۇم قىلمىسا ئىسسىق ئۆيلەردىن ئايرىلىپ نېمە قىلىمىز! سىيىتنىڭ سۆزى بىردىنبىر توغرا. ھەممىمىز زۇلۇمغا چىدىماي كەلدۇق، ئۇلار زۇلۇم قىلمىسا بىز كەلمەيتتۇق، شۇنداقمۇ؟

— توغرا - توغرا!...، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— سىيىت مېنىڭ يېنىمدا تۇرسۇن! ئەگىتمەستىن ئۇدۇل سۆز قىلىدىغان ئادەم مىلتىقنىمۇ دېگەن يەرگە ئۇدۇل ئاتىدۇ! — دېدى ھاجى.

كېيىنكى بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەردە سىيىت خوجنىياز ھاجىنىڭ بىۋاستە سىناقلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەندى. جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇنىڭ مىلتىق ئېتىشىغا، چەبدەسلىكىگە، ئاتقان ئوقىنىڭ دەل تېگىشىگە دىققەت قىلغان ھاجى سىيىتنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ نەگە بارسا بىللە ئېلىپ بارىدىغان، جەڭلەردە بىللە جەڭ قىلىدىغان يېقىن ئادىمى قىلىۋالغانىدى. ھاجى بەزىدە ئۆزى ئېتىپ چارچاپ قالغاندا، سىيىت سەن ئات دەپ مىلتىقنى تاشلاپمۇ بېرەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ، ھاجىغا يارىغۇدەك ئوق ئېتىپ دۈشمەنلەرنى قىراتتى.

ئۇرۇش ھەر كۈنى بولۇۋەرمەيتتى. بىرقانچە كۈن ھەتتا ئون كۈن ئۇرۇش قىلماي ئارام ئالىدىغان چاغلارمۇ بولاتتى. بەزىدە تاغلىقلار شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلىۋېتىپ بىردىنلا غايىب بولۇپ كېتەتتى. دۈشمەن ئون كۈن ئىزدەپمۇ تاپالمايدىغان جايلارغا كېتىۋېلىپ ئارام ئالاتتى. مۇنداق

تاغ تۇرمۇشىدا سىيىت يەنىلا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىشلارنى قىلىپ كۆزگە كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئايىغى تېتىك ئىدى، چاي قايىنىتىش، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ تازىلاشتا چېبۇەر قولى ئەپلىك ئىدى. ئاش ـ تاماق ئەتسىمۇ تۇز ـ تەمىنى تەڭشەپ ئېغىزغا تېتىتاتتى. ئۇنىڭ چېبۇەرلىكى ھەممىدىن بەك ھاجىغا ياراپ قالغانىدى.

## 6

مۇۋاپىق پەيتلەردە تاغچىلار نۆۋەت بىلەن رۇخسەت سوراپ ئۆيلىرىگە باراتتى. بەزەنلىرى خوتۇن ـ بالىلىرىنى كۆرۈپ كېلەي دېسە، بەزەنلىرى ئاتا ـ ئانامنى يوقلاپ كېلىمەن دەپ رۇخسەت سورايتتى. رەھبەرلەر ھەر كىمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، بارىدىغان يەرنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ ئۈچ كۈندىن بىر ھەپتىگىچە رۇخسەت قىلاتتى. ئۇلارمۇ دېگەن قەرەلدە ئۆيلىرىگە بېرىپ ۋاقتىدا كېلەتتى.

سىيىتنىڭمۇ ئۆيىگە بارغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ قايسى تاغ، قايسى ئاۋۇلدا، بۇنى سىيىت ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەمما بارغۇسى كېلىپ بىئارام بولاتتى. قانداقلا بولمىسۇن بىر قېتىم بېرىپ پۈتۈن تاغ ئىچىنى ئىزدەپ، ئۆزى سېغىنغان ئۆيىنى تاپماقچى بولاتتى...

ئۇ، ھاجىدىن رۇخسەت ئېلىپ يولغا چىققانىدى.

ــــ ئۆيۈڭ نەدىدۇ؟ ــــ سىيىت بىلەن يولغا چىققان پەيزۇللا ئىسمىلىك ھەمراھى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

ــــ مېنىڭ ئۆيۈم، دېۋۇ قوچۇرلۇق تاغنىڭ نېرىسىدا، ئازغان داۋاننىڭ بېرىسىدا، ــــ دېدى ئۇ، ئېگىزنى كۆتۈرۈپ، قانداقتۇر بىر تەرەپلەرنى كۆرسەتكەندەك قىلىپ.

«مەن بىلمەيدىغان بۇ قانداق جاي!» تاغ ئىچىدە مەن بىلمەيدىغان تاغ ـ داۋان يوق دەپ يۈرىدىغان پەيزۇللا ئۇنىڭ جاۋابىغا قانائەت قىلماستىن ئويلىنىپ قالدى.

ئارىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. تاغ يولىدا دۈپۈرلەپ كېتىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى بىلەن پات ـ پات پۇرقىراشلار بۇ جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

پەيزۇللا ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن بوز يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلگۈسى، ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. شۇڭا ئۇ سۆزسىز يول مېڭىشتىن بىزار بولغاندەك قىلىپ يەنە سۆز ئاچتى:

— سەن ئۆيلەنگەنمۇ؟

— ئۆيلەنگەن، ئىككى نىكاھلىق بولغانمەن! — دېدى سىيىت كۆلكىسىنى مىڭ تەستە بېسىپ.

— سەن تېخى ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن! نېمىدېگەن بەختلىكسەن! — پەيزۇللا ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — مەن تېخى بىر قېتىممۇ ئۆيلەنمىدىم، راستىمنى ئېيتسام خوتۇن دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن! — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

ئارىلىقنى يەنە جىمجىتلىق قاپلىدى. لېكىن پەيزۇللانىڭ ئىچىدىكى يالقۇن خۇددى بوتۇلكىغا قاچىلانغان ئىسسىق ھاۋادەك پۇرقۇپ چىقىشقا ئىنتىلىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى:

— مېنىڭ تويۇم بولتۇر كۈز بولماقچىدى، — دېدى ئۇ ئېغىر ھەسرەت چېكىپ، — كاساپەت جاڭ زىخېڭنىڭ چېرىكلىرى كېچىسى باستۇرۇپ كېلىپ پۈتۈن مەھەللىگە ئوت قويغاندا، مەن ئالىدىغان قىزنىڭ ئۆيىۋاقى، ماڭا قېيناتا ـ قېينانا بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. مەن ئالىدىغان قىز ئوت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىكەن، كاساپەتلەر ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇ بالا ـ قازاغا يولۇقمىغان بولسا، كۈزلۈكى تويىمىز چوقۇم بولاتتى. ھەممە نەرسە تەق بولغانىدى، — ئۇ ئېغىر دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە داۋاملاشتۇراتتى، — مەن ئالىدىغان قىز بەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ نېمىسىنى بىردېمە، ئاي دېسەم ئاي ئەمەس، كۈن دېسەم كۈن ئەمەس، شۇنداق چىرايلىق ئىدى. يەنە كېلىپ بىز كىچىكىمىزدىلا كۆيۈشۈپ قالغان. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە شۇنداق ئامراق ئىدۇق. ئامال قانچە، تويۇقسىز بۇ بالا ـ قازاغا ئۇچرىدى. يۈرىكىمدە ئۇنىڭ بىر پارچە ئوتى قالدى. ئۆلسەممۇ ئۇنتۇپ قالالمايمەن. ھازىر

ئۆلتۈرسام ـ قوپسام خىيالىم شۇنىڭدا، توي قىلىپ بىرەر كۆن بولسىمۇ ئۆتكەن بولسام قانداق بولاتتىكىن دەپ ئويلايمەن. ئامال قانچە، ھەر قېتىم ئۇھ دېسەم خۇددى ئىچىمدىن بىر پارچە ئوت چىققاندەك بولىمەن. ئەلەمگە چىدىماي قانداق قىلسام بولاركىن دەپ ئاخىر قورال ئېلىپ خوجىنىيازھاجىغا قوشۇلدۇم، تىنچ ياتقان ئۆي مەھەللىلەرگە ئوت قويغان، تىنچ ياتقان پۇقرالارنى قىرغىن قىلىپ ئۆلتۈرگەن دۈشمەننى ئۆلتۈرسەم دەردىم بوشارمىكىن دېمەن، ھاجىغا ئەگىشىپ قانچە ـ قانچە جەڭلەرگە قاتناشتىم، خېلى كۆپ دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈردۈم. ئويلىسام يەنىلا پۇخادىن چىقمايۋاتىدۇمەن. ئەمدى ئاشۇ ئوت قويغان دۈشمەنلەرنى تېپىپ، مەن ئالىدىغان قىزنى ئاتقان دۈشمەننىڭ ئۆزىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرسەم دەردىم چىقارمىكىن دەۋاتىمەن! شۇنداق قىلمىسام ئۆلگۈچە ھەسرەت ئىچىدە قالىدىغاندەك تۇرىمەن!

پەيزۇللانىڭ سۆزلىرى سىيىتكە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكىدە يالقۇنجاۋاتقان ئوت، سىيىتنىڭ يۈرىكىدە يېنىۋاتقان ئوتقا تولىمۇ ئوخشاشلىقى بار ئىدى.

— سەن نېمىشقا ئىككى قېتىم توي قىلدىڭ؟ — دېدى پەيزۇللا گەپنى يۆتكەپ.

— تۇنجى ئايالىم تۇغماس چىقىپ قېلىپ خېتىنى بېرىۋەتتىم، — دېدى سىيىت ئانچە قىينالمايلا.

— كېيىنكىسى قانداق بولدى، تۇغدىمۇ!

— كېيىنكىسىمۇ تۇغمىدى.

— بۇ قانداق گەپ، نېمىشقا تۇغمىدى!

— بۇ مەندىكى گەپ بولسا كېرەك! — دېدى سىيىت كۆلۈمسىرەپ.

— ھازىر سەن ئاشۇ خوتۇنۇڭنىڭ يېنىغا كېتىۋاتامسەن؟

— ھەئە، — دېدى سىيىت گېلىگە بىر نېمە قاپلىشىپ قالغاندەك تەسلىكتە جاۋاب بېرىپ.

— مەن ئاڭلىسام تۇغمىغان خوتۇن بەك ئوبدان بولىدۇ، دەيدۇ

www.uyghurkitap.com

شۇنداقمۇ!

— ۋايتاڭ.

— يوشۇرما، مەن ئاڭلاپ بىلىپ بولغان! — دېدى پەيزۇللا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ. ئۇ بىرئاز خىيال سۈرۈپ جىمىپ قالدى...

ئۇلار كەڭ غول ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى چېتى پۈتۈنلەي يايلاق بولۇپ، قۇياش نۇرىدا ئوتقاشتەك يالتىراپ تۇراتتى. تاغلارمۇ ئوخشاشلا چىمەنزارلىق ئىدى. ھەددى ـ ھېسابسىز قارىغايلار نەقىشلەنگەندەك چىرايلىق ھۆسن تۈزەپ تىك تۇراتتى.

— بەزەنلەر ئايال كىشىنى گۈلدەك تاتلىق پۇرايدۇ دەيدۇ، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، سىنىڭچە قانداق؟ — دېدى پەيزۇللا سىيىتنىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ۋايتاڭ! — دېدى سىيىت كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ.

— يوشۇرما، سەن ئېيتقىلى ئۇنىمايۋاتىسەن! ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن ئادەم بۇنى بىلمەي قالامتىڭ! — پەيزۇللا ئۇنىڭغا نارازى بولغان ھالدا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئىشىنىمەن، بىر كۈنى مەن ئالدىغان قىزنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇلار ئاشخانا ئۆيدە بىرنېمىلەر قىلىۋاتقانىكەن، مەن كىرىپلا ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئوت قالىغان بولۇپ ئولتۇردۇم. قىز قازان بېشىدا ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئىككىمىز ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ئوغرىلىقچە قارىشىۋالاتتۇق. خۇدا ھەققى بىز شۇ ئاخشىمى باشقىلاردىن خۇدۇكسىرەپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن قارىشىۋالدۇق. كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا خۇددى چاقماق چاقىقاندەك ئوت يېنىپ كېتەتتى. بىر چاغدا مەن ئاستا ئارىلىققا چىقتىم، ئۇ قىزمۇ چوڭ ئۆيدىن تاۋاق ئالغىلى چىقتى. ئارىلىق قاراڭغۇ بولسىمۇ مەن ئۇنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ چىقىشىغىلا كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدىم. ئۇنىڭ بىلەكلىرى نېمەدېگەن يۇمشاق. مەن ئۇنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ تارتتىم. پەقەت ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئىچىم توشقۇچە پۇراپ چىقتىم. بۇ پۇراق شۇنداق خۇشخۇي دېگىنە، مۇشۇ كەمگىچە شۇنداق خۇشخۇي پۇرايدىغان گۈلنى ئۇچراتقىنىم يوق. ئۇنىڭ خۇشخۇي پۇرىقى ھازىرغىچە دىمىقىمدىن

كەتمەيدۇ. قانداق بىلەمدىكەنمەن!

سىيىت كۈلۈمسىرەپ قويدى. پەيزۇللا ئۆزىچە گويا بىر چاقچاق باشلىماقچى بولغاندەك كۈلۈپلا:

— بىر سۆزنى ئېيتسام خاپا بولارسەنمۇ! — دېدى.

— قانداق سۆز، دەۋەر، خاپا بولمايمەن!

— ئۇنداق بولسا، مەن سېنىڭ كۆزۈڭگە تولا قارىدىم، بۇ نېمە ئۈچۈن، بىلەمسەن؟

— ياق.

— سېنىڭ بىر جۈپ كۆزۈڭ، ھېلىقى مەن ئالدىغان قىزنىڭ كۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، شۇڭا قاراپ - قاراپ تويماي كېلىۋاتىمەن! — ئۇ بىرھازاغىچە ئۆزىنى توختىتىۋالالماي قاقاقلاپ كۈلـ-دى.

— مېنىڭ كۆزۈمنى قىزلارنىڭ كۆزىگە ئوخشاتقىنىڭ نېمىسى! — دېدى سىيىت ئېتىراز بىلدۈرگەن قىياپەتتە.

— سېنىڭ كۆزۈڭ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن، ئەگەر سېنىڭ مۇشۇ كۆزلىرىڭنى ھەرقانداق بىرىگە ئاپىرىپ قاداپ قويىدىغان بولسا، ئۇ شۇئانلا چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىشى چوقۇم!

بۇلار قىزىق سۆزلىشىپ كېتىۋېتىپ، ئىككى ئاچا يولغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالغاندى.

— مەن ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ ئۈچىنچى كۈنى قايتىپ كېتىمەن، — دېدى پەيزۇللا ئايرىلىش ۋاقتىدا، — ئۇزۇن تۇرسام زېرىكىپ قالىمەن، سەن بولساڭ ئاياللىڭنىڭ يېنىغا بارسەن، زېرىكمەسلىكىڭ مۇمـ-كىن، مەن ساڭا شۇنى ئامانەت قىلاي، ئاياللىڭنى مېنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ھەسسە ئارتۇق پۇراپ قوي! خەير كەتتۇق!...

سىيىت پەيزۇللانىڭ ساددا سۆزلىرىنى ئەسلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نەگە كېتىۋاتىدۇ، بۇنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئەمدى قەيەرگە بارىدۇ، قويلىرىنى تۇسۇپ قويغان قولتۇققا بارسۇنمۇ! ياكى سىيىت تۇۋلاپ قالغان داۋانغا بارسۇنمۇ! ئۇ شۇ يەردە بارمىدۇ!؟ مېنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانمىدۇ،

بەلكى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدىغاندۇ، بوپتۇ، مەن باراي، ئەگەر ئۇ شۇ يەردە بار بولسا، ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ يىغلاشلارنى يىغلىۋالارمەن!.. ئۇ كېتىۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش قۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

## 7

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى، تاغدا قويۇڭلار — يارەي،
تاغ ئارا يىراق كەلسە — باغدا قويۇڭلار!
يۈزۈمنى قىبلە سايان ئاچىپ قويۇڭلار — يارەي،
بېشىمغا بىر دەستە گۈل — سانجىپ قويۇڭلار!

تاغ ناخشىسى تاغ ئىچىدە مۇڭلۇق جاراڭلىماقتا، قىش ـ ياز ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغايزارلىقلاردا ياڭرىماقتا، كىمخاب تون يېپىنغان چوققىلاردا، پاياندار سىلىنغان غوللاردا ئاڭلانماقتا، بۇلدۇقلاپ ئۆرلەۋاتقان بۇلاق بېشىدا، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىدا ياڭرىماقتا... نەچچە تۈن، نەچچە تۈن بۇ ناخشا ئۈزۈلۈكسىز جاراڭلىدى، تاغلارنى تىترەتتى، يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈردى.

ناخشا!؟ بۇ ناخشا ئەمەس، بۇ پىغان، بۇ نالەش، بۇ مۇڭ ـ زار! پىغان بولمىسا ئاھاڭنىڭ مۇڭلۇق ئاڭلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ نالەش بولمىسا، كۆزدىن ياش قۇيۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ مۇڭ ـ زار بولمىسا يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ خېدىسخان بۇ مۇڭلۇق ناخشىنى قانچە كۈن، قانچە تۈن ئېيتتى. قايسى تاغ، قايسى يوللاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئېيتتى، بۇنى كىم بىلسۇن! قاتمۇقات تاغ ئىچىدە، ھەددى ـ ھېسابسىز قارىغايلىقلار ئىچىدە يالغۇزدىن يالغۇز يۈرگەنلىكىنى كىم بىلسۇن! ئۇنىڭ نالىسىگە ئۇن ئىككى تاغ گۇۋاھ، مىليون يىللاردىن چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار گۇۋاھ، تارىخىي ئەسىرلەردىن يىلتىزى قۇرۇماي تىك تۇرۇۋاتقان قەددى ـ قامەتلىك قارىغايلىقلار گۇۋاھ!...

ئۇ تاغ ـ بۇ تاغ ئوتتۇرىسى سىرىق ياغ، ئۇ تاغ ـ بۇ تاغ ھەممە



www.uyghurkitap.com

يېرى بوستان باغ. خېدىسخان قەيەرگىلا بارسا سېرىق ياغ، قەيەرگىلا بارسا مەنزىرىلىك باغ. خېدىسخان بۇ كۆكۈللۈك جايلاردا ناخشا ئېيتىدۇ، يىغلايدۇ، زارلايدۇ، نالە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ تاغنىڭ يات يېرى يوق، ئۇ، مۇشۇ تاغدا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ تاغدا ئۆسكەن، مۇشۇ تاغدا تۇرمۇش قۇرۇپ، مۇشۇ تاغدا ياشىغان، ئاتمۇ شۇنداق، مۇشۇ تاغدا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ تاغدا ئۆسكەن، خالىسا ئوتلايدۇ، چېچەكلەر ئىچىدىن چېچەك تاللايدۇ، خالىسا زەمزەمدەك بۇلاق سۇلىرىنى ئىچىدۇ، خالىسا يېتىپ ئارام ئالىدۇ، ئېغىنايدۇ، يايرايدۇ!...

خېدىسخان تاغ ئىچىدە قانچە كۈن، قانچە تۈن نالە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئەنە سىيىتتىن ئايرىلىپ قويلارنى توسقان قولتۇق. ئۇ يەردە ھازىر قوي يوق، پەقەت قويلارنىڭ توزۇغان يۇڭلىرىلا شامالدا توزۇپ تۇرۇپتۇ. سەل بۇ تەرەپتە چېرىكلەر ئۆلتۈرۈپ يېگەن قويلارنىڭ باش — شىراقلىرى قاغجىراپ تۇرۇپتۇ.

يامزالدا خېدىسخانغا تونۇش بولغان ئازغان، قانداقتۇر بىر ياۋۇزلۇقنى يوشۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەر خېدىسخانغا نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭۈلسىز كۆرۈنىدۇ — دە، ئۇ يەرگە بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەستىن ئاتلىنىپ سىيىت ئۆزى يالغۇز قالغان داۋانغا قاراپ كەتتى. ئەنە سىيىت قالغان جەڭگاھ، قورام تاشلار شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، سىيىت ئىشلەتكەن مىلتىقنىڭ سۇنۇق پارچىلىرى، ئارغامچا، تاغ، سالغا تاشلارمۇ شۇنداق تۇرۇپتۇ. تۆۋەن تەرەپتە ئۆلگەن چېرىكلەرنىڭ كىيىم پارچىلىرى ئازغانلارغا چاپلىشىپ، چاۋىسى چىتقا يېيىلغاندەك بولۇپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئىشقا گەرچە قانچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، خېدىسخانغا ھازىرقىدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە بىرلا نەرسە كەم، بۇ يەردە يالغۇز قالغان سىيىتلا كەم ئىدى.

«سىيىت مۇشۇ يەردە ئۆلگەن!» بۇ سۆزنى خېدىسخان خىيالىغا كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. «ئۆلگەن» دەيدىغان بولسا ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەتتى ياكى سىيرىلىپ ئېقىپ كېتەتتى. «ئۆلگەن» دېگەندىن مۇشۇ يەردە قالغان دېيىلسە، كۆڭۈلگە خېلىلا ئارام بولاتتى. شۇڭا ئۇ سىيىت مۇشۇ يەردە قالغان، ئۇ بار، دەپ بىر كېچە

www.uyghurkitap.com

قوندى.

«... سۇزۇلۇپ تاڭ ئاتتى. سىيىت مال باققىلى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزۈم باراي!»

خېدىسخان ئاتلىنىپ داۋاندىن چۈشتى. سىيىت ئۇزاپ كەتكەنىدى. خېدىسخان ئۇنى چاقىرماقچى بولدى. «ھەي سىيىت، سەن قېنى، سېنىڭ يېنىڭغا كېتىۋاتىمەن!» ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە چاقىرغان بولسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىمىدى. سىيىت ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇنى ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. خېدىسخان ئاتنى بىقىنداپ ئالدىغا ماڭماقتا. ئۆزىگە تونۇش بولغان غول ــ جىلغىلاردا كېتىۋاتماقتا، ئازغانلاردا سىيىتكە ھازىرلا يېتىشىۋالىدىغاندەك ئالدىراپ كېتىۋاتماقتا.

خېدىسخان ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى، ئالدى تەرەپتىن دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ ئون ئاتلىق قاراۋۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. دۈشمەن ئاتلىقلىرى خېدىسخاننى كۆرۈپ قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالغانىدى. خېدىسخان چەبدەسلىك بىلەن ئوق ئېتىپ دۈشمەندىن بىرنى يىقىتتى. قالغان دۈشمەن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. خېدىسخان دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ مۇۋاپىق پەيتتە ئارقىغا چېكىنەتتى. قورام تاشنىڭ كەينىدە تۇرۇپ بىر پاي ئوق بىلەن يەنە بىر دۈشمەننى موللاق ئاتقۇزدى.

خېدىسخان ئىككىنچى بىر توقايدا تۇرۇۋېلىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەننى يەنە بىر قېتىم توسۇپ زەربە بەردى. بۇ قېتىم يەنە بىر دۈشمەن تىك موللاق ئېتىپ يەر چىشلىگەنىدى. دۈشمەن كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى قىسىملىرى يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئاتاكىغا كاناي چېلىپ خېدىسخانغا ئۆزىنى ئۇرۇپ مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرماقتا. خېدىسخان ئۆزىنى يوقىتىپ قويماستىن، بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنمەكتە.

ئۇ، سىيىت جەڭ قىلغان داۋانغا چېكىنمەكتە. ئۇنىڭ ئېتى ئەمدىلا داۋانغا ياماشقانىدى. بەختسىزلىك كېلىپ چىقتى. دۈشمەننىڭ مەشئۇم ئوقلىرى خېدىسخاننى ئىككى يەردىن ئېغىر يارىلاندۇردى. بىر ئوق ئۇنىڭ

تارغىقنى چېقىپ تاشلىدى. يەنە بىر ئوق قورسىقىنى تېشىپ ئۆتكەندى. ئۇ ئاتتىن يىقىلدى. قازادا ئۇنىڭ پۇتى ئۈزەڭگىگە كىرىپ قالغانىدى.

ئات ئالدىغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى. خېدىسخان ئاتقا سۆرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئات قېچىپ داۋان ئۈستىگە چىققاندا، خوجىنىيازھاجىنىڭ ئادەملىرى ئاتنى توسۇپ توختىتىپ چۆچۈپ كەتكەندى:

— سىيىت!

— سىيىتقۇ بۇ!

— سىيىت ئاكا! — پەيزۇللا ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىنى ئۈزەڭگىدىن بوشىتىشقا كىرىشتى. سىيىت ئۆلگەندى. ئۇنىڭ جەستىنى قورام تاشلىققا ياتقۇزۇپ كىيىملىرىنى يەشتى.

— ۋۇي، ئايال كىشىغۇ بۇ!

جاراھىتىنى تەكشۈرمەكچى بولغانلار بىردىنلا چۆچۈپ قېتىپ قالغانىدى.

خوجىنىيازھاجى جەسەت يېنىغا يېقىنلاشقاندا ئاخۇن تۆمۈر بىلەن ئۆچكە سىيىت ئىككىسى تەڭلا:

— ئۆزىنى سىيىت دەپ ئاتاپ يۈرگەن تاغچى، ئايال ئىكەن! — دەپ مەلۇم قىلدى.

— نېمە دەيسىلەر ئەمدى! — خوجىنىيازھاجىمۇ ھەيران قالغاندى.

— بۇ ئايالنىڭ ئېتى خېدىسخان! — دېدى ئامۇر يىلقىچى ئۇنى تونۇشتۇرۇپ، — بۇ ھېلىقى «چارۋا قول» بولمايمەن دەپ قېچىپ يۈرۈپ ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان سىيىتنىڭ ئايالى. سىيىت مۇنىڭدىن ئۈچ ئايلا ئىلگىرى مۇشۇ داۋاندا ئۆزى يالغۇز يۈز دۈشمەننى توسۇپ ئۇرۇشۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئايالى ئەرەنچە كىيىنىپ ئۆزىنى سىيىت دەپ ئاتاپ قىساس ئالىمەن، دەپ جەڭلەرگە قاتناشقان...

بۇ سۆزلەر داۋامىدا ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتكەن خوجىنىيازھاجى:

— بىزنىڭ ئاياللىرىمىز نېمىدېگەن باتۇر!... ئەرلەرگە تەڭ قىلغۇسىز...

ھاجىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا دۈشمەن يېقىنلاپ قالغانىدى.

— ئېتىڭلار! دۈشمەنىنىڭ بىرىمۇ تىرىك قالمىسۇن!

ھاجى تارام - تارام كۆز يېشى تۆكۈپ تۇرۇپ جەڭگە بۇيرۇق قىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[General Information]
书名=海维尔·铁木尔短篇小说选　维吾尔文
SS号=40300816